




# باللار زېھىن سىناش ئويۇنلىرى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: تۇردىھاجىم تۇرغۇن

ئەلپىدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى



ISBN 978-7-89415-023-3



ھۆرمەتلىك ______________ گە:

______________________________

______________________________

______________________________

______________________________



______________ دىن تەقدىم

-يىلى -ئاينىڭ -كۈنى






# بالىلار زېھىن سىناش ئويۇنلىرى

تۈزگۈچى: تۇرسۇن قادىر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: تۇردىھاجىم تۇرغۇن
قىستۇرما رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

ئەلپىدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى

# بالىلار زېھنى سىناش ئويۇنلىرى

(تاللانغان بالىلار زېھنى سىناش ئويۇنلىرى)

تۈزگۈچى: تۇرسۇن قادىر

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى
فورماتى: 787 × 1092 مىللىمېتىر، 1/16
باسما تاۋىقى: 117.75
نەشرى: 2015 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2015 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: 3 - 023 - 89451 - 7 - 978 NBSI
ئومۇمىي باھاسى: 490.00 يۈەن (جەمئىي 20 كىتاب ۋە چەكمە قەلەم)



## ئاكا ـ ئۇكا ئىككىلەننىڭ مىراس تالىشىشى

بۇرۇنقى زاماندا ئاكا ـ ئۇكا ئىككىلەن ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ-
رۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئارىلىشىشى ئارقىسىدا بارلىق مىراسنى بۆلۈشۈپتۇ. ئۇزاق
ئۆتمەي ئاكا ـ ئۇكا ئىككىلەن ئۇرۇشۇپ قاپتۇ، ئاكىسى ئىنىسىنى سەن مىراسنى
كۆپ ئېلىۋالدىڭ، دېسە، ئىنىسى ئاكىسىنى سەن مىراسنى كۆپ ئېلىۋالدىڭ، دەيدى-
كەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇلارنىڭ ئاتىسىدىن قالغان بارلىق بىساتى-
لىرىنى يىغىۋېلىپ، يەنە بىر قېتىم تەڭ بۆلۈپ بېرىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتە ـ
ئۆتمەيلا، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى يەنە ئۇرۇشۇپ قاپتۇ، ھەتتا ئامبالنىڭ ئالدىغا بې-
رىشىپتۇ. ئەقىللىق ئامبال بۇ ئىشنى ئاددىيلا بىر تەرەپ قىلغانىكەن. كېيىن ئاكا ـ
ئۇكا ئىككىسى مال ـ مۈلۈك مەسىلىسى ئۈستىدە دەۋا قىلىشماپتۇ.

كىچىك دوست، سىز ئامبالنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى ئويلاپ تاپالام-
سىز؟

## بىرلىيانت يىتىش دېلوسىنى پەم بىلەن پاش قىلىش

بۇ ۋەقە X Ⅷ ئەسىردە ياۋروپادىكى كىچىك بازار گۇد قەلئەسىدە يۈز بەر-
گەن. ئۈنچە ـ مەرۋايىت سودىگىرى گىلىن خانىم بىر دانە كەم ئۇچرايدىغان قارا
مەرۋايىتنى ساقلىغان بولۇپ، سودامنى راۋاج تاپتۇرىدىغان ئەڭگۈشتەر، دەپ ماخ-
تىنىدىكەن.

بىر كۈنى ئۈچ نەپەر مۆتىۋەر ــ چارسىن، ئەيلۇن، بىل زىيارەت قىلىپ كەپتۇ.
گىلىن خانىم ئۈچەيلەننى مەرۋايىت ساقلاش ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، قەدىمىي ئۇس-
لۇبتا ياسالغان، جازىغا رەتلىك قويۇلغان ياغاچتىن ياسالغان مەرۋايىت ساقلاش قۇ-

تىسنى ئېلىپ، چۈشەندۈرگەچ ئاغزىنى ئېچىپتۇ. ئۇلار قارا نۇر چاقنىتىپ تۇرغان
بىرلىيانتنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئېچىشىپ قاپتۇ. غوجايىن قۇتىنىڭ ئاغزىنى
ئېتىپ بىر ۋاراق ئاق شىلىم سۈركەلگەن پېچەت قەغىزى بىلەن پېچەتلەپتۇ ۋە مۆتىۋ-
ۋەرلەرنى مېھمانخانىدا پاراڭلىشىشقا تەكلىپ قىپتۇ.

پاراڭلىشىش جەريانىدا گۈلىن خانىم ئۆچەيلەننىڭ تەققى - تۇرقى، گەپ - سۆز-
لىرىدە ئۆزىگە لايىق خاسلىق بارلىقى، لېكىن غەلىتە بىر ماس كېلىپ قېلىشنىڭ بارلىق-
نى، يەنى ئۆچەيلەننىڭ ئوڭ قول بارمىقىدا كىچىككىنە چاتاقنىڭ بارلىقىنى، چارسىنىنىڭ
كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ ئازراق ياللۇغلىنىپ قالغانلىقىنى، ئەيلۇننىڭ باش بارمىقىنى
زەھەرلىك قۇرت چېقىۋېلىپ ئىششىپ قالغانلىقىنى، بىلىنىڭ باش بارمىقىنىڭ تىلىنىپ
كەتكەنلىكىنى بايقاپتۇ. قارىغاندا ئۈچ مۆتىۋەر زىيارەتكە كېلىشتىن بۇرۇن دائىم ئىش-
لىتىدىغان ئوخشاش بولمىغان دورا سۈيۇقلۇقىنى سۈركىۋالغاندەك تۇراتتى.

پاراڭلىشىش كەيپىياتى ناھايىتى قىزغىن بولۇپ، ئۈچ مۆتىۋەر ئىلگىرى - كېيىن
ھاجەتكە چىقىپتۇ ۋە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئاۋۋالقىدەك كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپتۇ.

مېھمان ۋە ساھىبخانا تازا قىزغىن سۆزلىشىۋاتقاندا، گۈلىن خانىمنىڭ دوستى
دوكتور خەيۋي زىيارەتكە كېلىپ قاپتۇ. تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق دوكتور ئۈچ مۆتى-
ۋەر بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. كېيىن گۈلىن خانىم دوكتورغا ھەمراھ
بولۇپ ئامبار ئۆيىنى (قىممەت باھالىق ئالتۇن - مەرۋايىت ساقلاش ئۆيىنى) ئېكس-
كۇرسىيە قىپتۇ. ئۇ ھۆل ئاق پېچەتنى يىرتىپ قۇتىنى ئېچىپلا بىرلىيانتنىڭ يوقالغان-
لىقىنى بىلىپتۇ ۋە ئالاقزادە بولۇپ: «ئاھ تەڭرىم» دەپلا ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئېغىر -
بېسىق دوكتور ساھىبخانىنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ، ئىشنىڭ جەريانىنى ئىنچىكە سوراپتۇ
ۋە ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ:

— ئالدىرىماڭ خانىم، ئىش ھامىنى ئېنىقلىنىدۇ، — دەپتۇ.

خەيۋى دوكتور گۈلىن خانىمنى يۆلەپ مېھمانخانىغا قايتىپ كېلىپ، بىرلىيانتنىڭ
ئوغرىلىنىش ئىشىنى ئۈچ مۆتىۋەرگە چۈشەندۈرۈپتۇ ۋە سالماقلىق بىلەن:

— ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر، بۇ كەپسىز بىرلىيانت ئۇچۇپ سىلەرنىڭ قولۇڭلار-
غا چۈشۈپ قالمىغاندۇ؟— دەپتۇ. ئۈچ مۆتىۋەر مۈرىلىرىنى چىقىرىپ تەڭلا:

— توۋا، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، — دەپتۇ.

خەيۋى دوكتور ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قوللىرىغا بىر قۇر قاراپ چى-



قىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنى كۆرسىتىپ:

— بىرلىيانتنى ئوغرىلىغان مۇشۇ شۇ، — دەپتۇ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، خەيۋى دوكتورنىڭ كىمنى كۆرسەتكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇ نېمىگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلغان؟



## يەنە بىر ئامېرىكا دوللىرى نەگە كەتتى

ئۈچ ساياھەتچى ئامېرىكىدىكى مەلۇم بىر مېھمانخانىدا بىللە تۇرىدىكەن. ئۈچەيلەن 10 ئامېرىكا دوللىرىدىن جەمئىي 30 ئامېرىكا دوللىرى چىقىرىپ ئۆي ئىجارە زاكالەت ھەققى قىلىپ مېھمانخانىنىڭ پۇل ئېلىش ئورنىغا تاپشۇرۇپتۇ. كېيىن پۇل ئالغۇچى بۇ ئۆينىڭ ئىجارە ھەققىنىڭ 25 ئامېرىكا دوللىرى ئىكەنلىكىنى بايقاپ، كۈتكۈچىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بىر ئامېرىكا دوللىرىلىق بەش قەغەز پۇلنى بېرىپ ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. كۈتكۈچى يېرىم يولدا نەپسىنى يامان قىلىپ ئىككى دوللارنى يانچۇقىغا سېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىر دوللاردىن قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

ھازىر بىز باشتىن باشلاپ ئويلىنىپ باقايلى: ئۈچ ساياھەتچىنىڭ ھەربىرى 9 دوللاردىن جەمئىي 27 دوللار ئۆي ئىجارىسى تاپشۇردى. ئۇنىڭغا كۈتكۈچى ئېلىۋالغان ئىككى دوللارنى قوشساق جەمئىي 29 دوللار بولىدۇ. ئۇنداقتا، بىر دوللار نەگە كەتتى؟

## قۇملۇقتىكى ئات بەيگىسى

ئەرەب پادىشاھىنىڭ ئىككى ئوغلى تەخت ۋارىسلىقىنى تالىشىپ بىر - بىرىگە زادىلا يول قويۇشماپتۇ، ئىلاجىسىز قالغان پادىشاھ مۇسابىقىلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانماقچى بولۇپ: «سىلەر بەيگىگە چۈشۈڭلار، نىشان قۇملۇقتىكى ئاشۇ بوستان-

لىق بولسۇن، كىم يەڭسە، شۇ تەخت ۋارىسى بولسۇن. بىراق، سىلەر تېزلىكتە ئەمەس، بەلكى ئاستىلىقتا بەسلىشىسىلەر. مەن بوستانلىقتا تۇرۇپ، قايسىڭلار مىنگەن ئاتنىڭ ئاخىرىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆزىتىمەن» دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئىككى شاھزادە نىشانغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇلار قۇملۇقتا ناھايىتى ئاستا مېڭىپتۇ، ھېچكىم تېز مېڭىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ، بىراق يېرىم سائەتكە بارمايلا ئاستىدىن قۇمنىڭ لاۋدەك ئىسسىقى، ئۈستىدىن قۇياشنىڭ ئوتتەك قىزدۇرۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ بېشى قېيىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپتۇ. دەل شۇ چاغدا، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئۆلىما ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇلارغا بۇ مۈشكۈلاتتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەپچىل چارىسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۆلىمانىڭ گېپى تۈگىشى بىلەنلا ئىككىيلەن ھاپىلا - شاپىلا ئاتلىرىغا مىنىپ، بوراندەك يۈرۈپ كېتىپتۇ. سىز ئۆلىمانىڭ زادى قانداق ئەقىل كۆرسەتكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

## كىمنىڭ توغرا

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئەمەلدار 10 يىل ئىلگىرى دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن بىر جۈپ تاش شىرنى سۈزۈپ چىقماقچى بوپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بىر راھىب ئەمەلدارغا: «دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن نەرسىلەرنى سۇ ئېقىتىپ تۆۋەن ئېقىنغا ئاپىرىپ قويىدۇ، شۇڭا تۆۋەن ئېقىندىن سۈزۈش كېرەك» دەپتۇ. خۇسۇسىي مەكتەپنىڭ بىر موللىسى: «يەنىلا چۈشۈپ كەتكەن جايدىن سۈزۈۋېلىش كېرەك، چۈنكى تاش شىر ئېغىر، دەريا ئاستىدىكى لاي - قۇملار بوش، تاش شىر چوڭقۇر قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالدى» دەپتۇ. بىر ئېقىن تىزگىنلەش ئىشچىسى: «تاش شىرنى دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ئىزدەش كېرەك» دەپتۇ.



ئەمەلدار يۇقىرىقى ئۈچ كىشىنىڭ ئېيتقانلىرىنى توغرا تاپقان بولسىمۇ، دەماللىققا تاش شىرنى قايسى جايدىن ئىزدەشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قاپتۇ. كىچىك دوست، سىز دەپ بېقىڭ، بۇ ئۈچ كىشىدىن قايسىسىنىڭ ئېيتقىنى توغرا؟



## يالغان گۇۋاھلىق بېرىش

بىر يىگىتنى باشقىلار پۇلنى كۆزلەپ ئادەم ئۆلتۈردى، دەپ قارىلاپتۇ. گۇۋاھچى تۆھمەت قىلغۇچىغا سېتىلغان بولغاچقا، ئۇ يىگىتنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. لىنكولىن بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن جاۋابكارغا ئادۋوكات بوپتۇ. ئىككىنچى سوتتا، لىنكولىن گۇۋاھچىدىن سوئال سوراپتۇ. گۇۋاھچى «سائەت 11دە مەن ئوت - چۆپ دۆۋىسىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ 20 - 30 مېتىر نېرىدىكى چوڭ دەرەخنىڭ يېنىدا جاۋابكارنىڭ دېلو سادىر قىلغانلىقىنى كۆردۈم. ئاي نۇرى جاۋابكارنىڭ يۈزىگە چۈشكەن بولغاچقا، چىرايىنى ئېنىق كۆردۈم» دەپتۇ. لىنكولىن دەرھال: «گۇۋاھچى ئالدامچىكەن، ئۇ يالغان گۇۋاھلىق بەردى» دەپتۇ. بۇنىڭدىن ھەممەيلەن ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپتۇ.

سىز ئېيتىپ بېقىڭ، لىنكولىن نېمىگە ئاساسەن شۇنداق دېگەن؟

## بۇ ئوقۇغۇچىغا قانچە نومۇر قويۇش كېرەك

تىل - ئەدەبىيات دەرسىدە ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىدىن:

— ئۆتكەن سائەتلىك دەرستە بىز تۆت خىل جۈملە شەكلىنى ئۆگەنگەن. سىز خەۋەر جۈملىگە مىسال كەلتۈرۈڭ، — دەپتۇ. بۇ ئوقۇغۇچى خىجىل بولغان ھالدا:

— مىسال كەلتۈرەلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— سوراق جۈملىگىچۇ؟

— نېمە؟— دەپتۇ ئوقۇغۇچى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

— بۇيرۇق جۈملىگە مىسال كەلتۈرۈپ بېقىڭ.

— بولدى، سورىماڭ.

— ئۈندەش جۈملىگە مىسال كەلتۈرۈپ بېقىڭ، — مۇئەللىم گېپىنى خېلى ۋار-

قىرىغاندەك قىپتۇ. ئوقۇغۇچى مۇئەللىمگە، كالپۇكنى چىشلىگەن پېتى:
— ھەي، تەسكەن شۇ! - دەپتۇ.
مۇئەللىم بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن نەتىجە ئورنىتىش دەپتىرىگە نومۇر قويۇپتۇ.
كىچىك دوست، سىزنىڭچە مۇئەللىم بۇ ئوقۇغۇچىغا قانچە نومۇر بېرىشى كېرەك؟

## ئەقىللىق پادىچى

بۇرۇنقى زاماندا، كۆچمەن چارۋىچىلار دۆلىتىدە، ئاچ كۆز پادىشاھ ھەممىلا يەرگە چازا قۇرۇپ، ئۆتكەن پادىچىلارنىڭ ئات - كالىلىرىنى قاقتى - سوقتى قىلىدىكەن. ئۇنىڭ باج ئېلىش بەلگىلىمىسىدە: «پادىچىلار چازىدىن ھەيدەپ ئۆتكەن ماللىرىنىڭ يېرىمى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، پادىشاھنىڭ سېخىيلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، چازا مۇسادىرە قىلغان چارۋا ماللاردىن پادىچىغا بىر تۇياق مالنى ھەدىيە قىلىدۇ» دەپ ئېيتىلغانىكەن. نۇرغۇن پادىچىلار بۇنداق شەپقەتسىز تالان - تاراج ئاستىدا، ئارقا - ئارقىدىن خانىۋەيران بولۇپ كېتىشكەنىكەن. لېكىن، بىر پادىچى ھەر قېتىم ماللىرىنى ھەيدەپ 99 چازىدىن ئۆتسىمۇ، ئۇنىڭ ماللىرىنىڭ بىردىمۇ زىيانغا ئۇچرىمايدىكەن.
كىچىك دوست، سىز بۇ پادىچىنىڭ شۇ چاغلاردا قانچە ئات - ئۇلىغىنىڭ بارلىقىنى تاپالامسىز؟

## كىم ئاۋۋال بىلگەن

ياز كۈنلىرىنىڭ گۇگۇم چۈشكەن ۋاقتىدا ئۈچ كىشى دەريا بويىدا سالقىنلاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئەما، بىرسى گاس، يەنە بىرى ياشىنىپ قالغان ئادەم ئىكەن. ئارىدا ياشىنىپ قالغان ئادەم سالقىنلاۋېتىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. تۇيۇقسىز دەريانىڭ

ئۇدۇل قىرغىقىدىكى بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى يەردە بىر ئادەم بىر پاي ئوق چىقىرىپتۇ. ئەما: «مەن ئۇدۇل قىرغاقتىن ئېتىلغان مىلتىقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم» دەپتۇ. گاس: «مەن ئۇدۇل قىرغاقتىن ئوت چاقنىغانلىقىنى كۆردۈم» دەپتۇ. ياشانغان ئادەم ئويغانغاندىن كېيىن: «نېمىدېگەن خەتەرلىك! ئوق دەل بۇرنۇمنىڭ ئۇچىنى سۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى» دەپتۇ.

كىچىك دوست، قېنى ئېيتىپ بېقىڭ، قارشى قىرغاقتىكى ئادەمنىڭ ئوق ئاتقانلىقىنى كىم ئاۋۋال بىلگەن؟



## ئۆچكە بىلەن قوينىڭ تار ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشى

بىر ئۆچكە بىلەن بىر قوينىڭ بىرى دەريانىڭ بۇ قىرغىقىدا، بىرى يەنە بىر قىرغىقىدا بولۇپ، ئىككىلىسى بىر تار ياغاچ كۆۋرۈك ئارقىلىق ئۇدۇل قىرغاققا ئۆتمەكچى بولۇشىدۇ. لېكىن، ياغاچ كۆۋرۈك ئىنتايىن تار بولۇپ، ئۆچكە بىلەن قوينىڭ كۆۋرۈكتىن ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار كۆۋرۈكتە توختىماي ھەم ئارقىغا يېنىپ كەتمەي ياكى دەرياغا سەكرىمەي، ئاخىر ئوڭۇشلۇق ھالدا ئۇدۇل قىرغاققا كېلىشىپتۇ.

كىچىك دوست، سىز ئۇلارنىڭ قانداق چارە قوللانغانلىقىنى بىلەمسىز؟

## كىم بېخىل

مۈشۈك تۇرنىنى سەن بېخىل، مەن سېخىي دېسە، تۇرنا مۈشۈكنى سەن بېخىل، مەن سېخىي دېيىشىدىكەن. مۈشۈك ئۆزىنىڭ سېخىيلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، تۇرنىنى ئالاھىدە ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرتىپتۇ ھەمدە ھەسەل ھەرىسىنى زىياپەتكە داخىل بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. مېھمانلار كەلگەندىن كېيىن، مۈشۈك يوغان بىر تەخسىدە مەززىلىك پىشۇرۇلغان بېلىق ئاچىقىپ غىزاغا مېھمانلارنى تەكلىپ قىپتۇ. تەخسىدىكى

بىلىق ھەش - پەش دىگۈچە يېيىلىپ بوپتۇ. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، تۇرنىمۇ جاۋابەن مۈشۈكنى مېھمانغا چاقىرتىپتۇ. ئۇمۇ ھەسەل ھەرىسىنى زىياپەتكە داخىل بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. تۇرنا بىر كوزىغا مەززىلىك پىشۇرۇلغان بېلىق سېلىپ مېھمانلارنى يېيىشكە تەكلىپ قىپتۇ. بىلىق ھەش - پەش دىگۈچە يېيىلىپ بوپتۇ. ئولتۇرۇشۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنغان ھەسەل ھەرىسى ئىنتايىن تەسىرلەنگەن ھالدا: «ياپىرلەر! ھەقىقەتەن بىر - بىرىدىن قىلىشمايدىغان بېخىللار ئىكەن» دەپتۇ.

كىچىك دوست، بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلەمسىز؟

## سوئاللارغا تېز جاۋاب بېرىڭ

تۆۋەندىكى ھەرقايسى سوئاللارغا 60 سېكۇنت ئىچىدە تېز، توغرا جاۋاب بېرىڭ.

a. بىر يىل ئىچىدە قايسى كۈن ئەڭ ئۇزاق، قايسى كۈن ئەڭ قىسقا؟

b. ئەتىگەندە ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى تۇمانلىق بولامدۇ ياكى ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرىمۇ؟

c. شەبنەم سوغۇققا ئۇچرىغاندىن كېيىن قانداق نەرسە بولىدۇ؟

d. يامغۇر سۈيى مۇز بولسا، يەرگە نېمە چۈشىدۇ؟

e. قار ئېرىسە سوغۇق بولامدۇ ياكى قار ياغسىمۇ؟

f. يول ئۈستىدە كېتىۋاتقان ئىككى ئاپتوموبىلنىڭ ئارقىسىدىن چاڭ - توزان كۆپ چىقسا ئاپتوموبىل تېز ماڭغان بولامدۇ ياكى ئاستا ماڭغان بولامدۇ؟

## بۆرە بىلەن ئېشەكنى دەريادىن ئۆتكۈزۈش

بىر ئوۋچى ئۈچ ئېشەك بىلەن ئۈچ بۆرىنى دەريادىن ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ. دەريادىن ئۆتۈشكە پەقەت بىرلا كېمە بار ئىكەن. ئەمما، ھەر قېتىمدا ئېشەك بىلەن بۆرىنى ئۆتكۈزۈپ، كېمىنى قۇرۇق قايتۇرۇپ كېلىشكە بولمايدىكەن. بۆرىنىڭ ئې-

شەكلى يەپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دەريانىڭ بۇ قىرغىقىدىكى ئېشەكنىڭ سانى بۆرىنىڭ سانىدىن ئاز بولماسلىقى كېرەك ئىكەن.

كىچىك دوست، ئويلاپ بېقىڭ، بۇلارنى دەريادىن قانداق ئۆتكۈزۈش كېرەك؟ ئەڭ ئاز بولغاندا قانچە قېتىم ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ؟



## بۇ ئادەم نېمە ئۈچۈن بۇ چەمبىرەكتىن چىقىپ كېتەلمەيدىغان

چامباشچىلىق مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چامباشچىلىقنى مەشىق قىلىۋاتقان بىر ئادەم تۇراتتى، بىر راھىب ئۇنىڭغا: «مەن ھازىر موي قەلەم بىلەن ئەتراپىڭىزغا بىر چەمبەر سىزىپ قويسام، سىز بۇ چەمبىرەكتىن مەڭگۈ چىقىپ كېتەلمەيسىز» دەپتۇ. راھىب گېپىنى دەپ بولۇپلا موي قەلەم بىلەن بىر چەمبەر سىزىپ قويۇپتىكەن، چامباشچىلىقنى مەشىق قىلىۋاتقان ئادەم ھەرقانچە سەكرەپمۇ بۇ چەمبىرەكتىن چىقىپ كېتەلمەپتۇ.

كىچىك دوست، بۇ چەمبىرەكنىڭ قانداق سىرىنىڭ بارلىقىنى بىلەمسىز؟

## ھەميانغا ھۆكۈم قىلىش

بىر دېھقان تاغقا ئوتۇن كەسكىلى چىقىپ كېتىۋېتىپ بىر ھەميان تېپىۋاپتۇ. ئۇ ھەميانىنى ئېچىپ قارىسا، ئىچىدە 15 سەر كۈمۈش بار ئىكەن. بۇ ۋاقىتتا بىر سودىگەر كېلىپ ھەميانىنى يىتتۈرۈپ قويغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، دېھقان دەرھال ھەميانىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. سودىگەر كۈمۈشلىرىنى ساناپ بېقىپ، ئۇشتۇمتۇت چىرايىنى ئۆزگەرتىپ، ھەميانىمدا 30 سەر كۈمۈش بار ئىدى، ئەمدى 15 سەر كۈمۈش تۇرىدىغۇ دەپتۇ-دە، دېھقاننى دۆشكەلگىنىچە يامۇلغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىپتۇ. ئامبال بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلىدە: بۇ دېھقان سەمىمىي، سادىق ئىكەن، ئۇنداق بولمىسا ئۇ تېپىۋالغان پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بې-

رەمتى؟ ئۇ پۇلنىڭ يېرىمىنى ئېلىۋالدۇ-يۇ، نېمىشقا ھەممىنى ئېلىۋالمايدۇ؟ بۇ سو-
دىگەر ھېيلىگەر ئادەمدەك قىلىدۇ، باشقىلار ئۇنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بەرسە، يەنە
باشقىلارنى قاقتى - سوقتى قىلماقچى بوپتۇ، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەم
دېھقاننىڭ ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالماسلىقتەك روھىنى تەقدىرلەيدىغان،
ھەم سودىگەرنىڭ ئاچ كۆز، ھېيلىگەرلىكىنى جازالايدىغان بىر ھۆكۈمنى چىقىرىپتۇ.
كىچىك دوست، سىز بۇ ھۆكۈمنىڭ قانداق ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

## ھەزىم قىلىش يولىدىكى ئەزالارنىڭ پارىڭى

بىر بالا تاماقتىن كېيىن كارىۋىتىغا چىقىپ ئارام ئېلىۋېتىپ، كۆزى ئۇيقۇغا ماڭ-
غاندا، ھەزىم قىلىش يوللىرىدىكى بەزى ئەزالارنىڭ بىر مەسىلە ئۈستىدە تالاش -
تارتىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بوپتۇ.
قىزىلئۆڭگەچ زىل ئاۋاز بىلەن: «مەن توشۇپ بەرمىسەم، يېمەكلىكلەر ھەزىم
بولمايدۇ، چۈنكى مەن يېمەكلىك بىلەن ئەڭ ئاۋۋال ئۇچرىشىمەن!» دەپتۇ. ئاشقا-
زان قايىل بولمىغان ھالدا ۋارقىراپ تۇرۇپ: «مېنىڭ تۆھپەم ئەڭ چوڭ، مەن ھەم
ئاشقازان سۇيۇقلۇقى ئاجرىتىپ چىقىرىمەن، ھەم يېمەكلىكلەرنى ھەزىم قىلىمەن، يە-
نە ئوزۇقلۇقلارنى قوبۇل قىلىمەن، مەن بولمىسام بولمايدۇ!» دەپتۇ.
ئىنچىكە ئۈچەي بوش ئاۋازدا: «مېنىڭچە، ھەزىم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مۇرەك-
كەپ خىزمەتنى بىز كۆپچىلىك ئورتاق ئورۇنلايمىز. مەنمۇ بىرمۇنچە خىزمەتلەرنى
ئىشلەيمەن، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، ئاقسىل، قەنت، مايلارنى ھەزىم قىلىش قاتارلىقلار.
مېنىڭ مۇھىم ۋەزىپەم ھەزىم قىلىشتىن تاشقىرى، يەنە قوبۇل قىلىش» دەپتۇ.
چوڭ ئۈچەي ئارقىدىنلا: «ئىنچىكە ئۈچەي توغرا ئېيتتى! ھەزىم قىلىش خىزمە-
تىنى بىز كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق ئورۇنلايدىغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. مەن
گەرچە ئىنچىكە ئۈچەيدىن توم بولساممۇ، لېكىن ئىنچىكە ئۈچەيدىن كۆپرەك
ئىشلارنى قىلمىدىم، پەقەت ئازراق ھەزىم قىلىش رولىنى ئوينىدىم، خالاس» دەپ
ۋارقىراپ قويۇپ، ئارقىدىنلا كۈلۈپ قويۇپتۇ.





ئۇ بالا ئويغانغاندىن كېيىن، ئۇلار تالاش ـ تارتىش قىلغان مەسىلىنى ئويلاپ، قايسىسىنىڭ ئېيتقان سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بىلمەپتۇ.

كىچىك دوست، سىز بۇ بالىنىڭ ئويلىنىشىغا ياردەم قىلالامسىز؟

## چۈش كۆرۈش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىش

ۋاڭ ئەپەندى تۇغما يۈرەك كېسىلى بار كىشى ئىكەن، ئۇزاق داۋالانغان بولسىمۇ شىپا تاپالماپتۇ، بىر كۈنى ئۇ چىغ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ ھەمدە چۈش كۆرۈپتۇ، ئۇ چۈشىدە قاتتىق بوراندا كوچىدا كېتىۋاتقۇدەك، قارىسا يول بويىدىكى دۇكاننىڭ ۋىۋىسكىسى ھېلىلا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك لىڭشىپ تۇرغۇدەك. ۋاڭ ئەپەندى بۇ يەردىن تېزرەك كېتىۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بىراق پۇتى كالۋالىشىپ زادىلا ماڭالماپتۇدەك. دەل شۇ چاغدا ۋاڭ ئەپەندىنىڭ خوتۇنى بازاردىن قايتىپ كېلىپ، ئېرىنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە سوغۇق تېگىپ قالمىسۇن دەپ بىر يۇڭ ئەدىيالنى ئۇنىڭ ئۇچىسىغا ئاستا يېپىپ قويۇپتۇ. ۋاڭ ئەپەندى چۈشىدە ۋىۋىسكا راستىنلا ئۈستىگە چۈشۈپتۇ، دەپ ئويلاپ قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، يۈرىكى زەئىپلىشىپ، چۈشىدىن ئويغانالماي جان ئۈزۈپتۇ.

كىچىك دوست، سىزنىڭچە بۇ راست بولغان ئىشمىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

## ئالداش

تۈركىيە خەلق چۆچەكلىرىدە غوجا ئىسىملىك پەم ـ پاراسەتلىك بىر ئادەم بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ مەلۇم كەنتتە ھەممە نەرسىدىن گۇمانلىنىدىغان، ھېچكىمنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيدىغان ئىنتايىن گۇمانخور بىر ئادەم بار ئىكەن، دەپ ئاڭلاپ، ئۇ ئادەمگە: «مەن سىزنى بىر قېتىم ئالداپ باقاي» دەپتۇ. ھېلىقى ئادەم كۆڭلىدە مەنسىتمەي كۆرەڭلىگەن ھالدا: «ئالدىسىڭىز ئالداڭ، قېنى كۆرۈپ باقاي» دەپتۇ.

غوجا تەمكىنلىك بىلەن: «بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ، دەرھال ئۆيگە كىرىپ تەييارلىق قىلىپ چىقاي دەپتۇ-دە، سۆزىنى تۈگىتىپلا ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ.

ئويلاپ بېقىڭ، غوجا بۇ ئادەمنى قانداق ئالدىغان؟

## سائەت ھەققىدە قىزىقارلىق سوئال

سائەت يۈزىدىكى ئىسترېلكىلار ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە توختىماستىن ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

كىچىك دوست، دەپ بېقىڭ، مىنۇت ئىسترېلكىسى بىلەن سائەت ئىسترېلكىسى 24 سائەت ئىچىدە قانچە قېتىم ئۆزئارا ئۇچرىشىدۇ؟

## لوگىكىلىق ئىسپات

A كىشى B كىشىگە: «مەن تۇغۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ئۈچ قېتىم يالغان سۆزلىدىم،» دېۋىدى، B كىشى بۇنىڭدىن يەكۈن چىقىرىپ: «ئۇنداقتا بۇ سىزنىڭ تۆتىنچى قېتىم قىلغان يالغان سۆزىڭىز» دېدى.

قېنى كىچىك دوست، سىز بىر ئامال قىلىپ B كىشىنىڭ يەكۈنىنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېقىڭ.



## نېمىشقا ئەسكەرلەرنى ھەربىي بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلمىدى دەيمىز

بىر كۈنى ھەربىي مانېۋىردا، كاپىتان كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە بىر تاختاينى قاداپ: «كۆۋرۈك پارتلىتىۋېتىلدى» دەپ يېزىپ قويىدى.

مانېۋىر ۋاقتىدا كاپىتان قوماندانلىق ئىشتابىغا قايتىپ بېرىپ، دۇربۇندا ئەسكەرلەرنىڭ ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ، ماشىنا بىلەن كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەسكەرلەرنى قاتتىق تەنقىدلىمەكچى بولدى.

دەريا بويىغا كېلىپ، كاپىتان تۇرۇپلا قالدى.

نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلەمسىز؟

## ساتىراش نېمىشقا سوپۇن سۈرۈپ ساقىلنى ئالمايدۇ

بىرنەچچە بالا دادىلىرىنىڭ چاچ ياساتقاندا دائىم ساقال - بۇرۇتىنى ئالدۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەجەبلىنىپ، مەن چاچ ياساتقاندا ساتىراش نېمىشقا مېنىڭ ساقال - بۇرۇتۇمنى ئالمايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

بىر قېتىم، بىر ئوغۇل بالا ساتىراشخانىغا چاچ ياساتقىلى كېلىپ، ساقال - بۇرۇتىنى ئېلىپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ. ساتىراش ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، يۈزىگە سوپۇن سۈركەپ قويۇپ كارى بولماپتۇ.

بالىنىڭ سەۋر قاچىسى توشۇپ:

— ھەي، مېنى نېمىشقا بۇنداق تۇرغۇزۇپ قويىسىز؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ساتىراش ئاڭلىمىغاندەك ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. بالا غوۋغا كۆتۈرگەندىلا ئاندىن:

— نېمىگە ئالدىرايسەن؟ تېخى بالدۇر! — دەپتۇ.

بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلەمسىز؟

## ساتىراش چاچ ياسىغىنىغا پۇل ئالمىسا، نېمىگە پۇل ئالغان

بىر ساتىراشخانىغا ئادەملەر تولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار چاچ ياسىتىش ئۈچۈن ئۆچىرەت ساقلاۋاتقانىكەن.

تۇيۇقسىز بىر خېرىدار ساتىراش بىلەن ئۇرۇشۇپ كېتىپتۇ.

— مەن بىر قېتىم چاچ ياساتسام سەن بەش يۈەن ئالىسەن، مېنىڭ چېچىم ناھايىتى ئاز تۇرسا، سەن جىق پۇل ئېلىۋالدىڭ، — دەپتۇ خېرىدار.

— كۆپ ئەمەس، سېنىڭ بۇ پۇلۇڭنى چېچىڭنى ياسىغىنىم ئۈچۈنلا ئالمىدىم، — دەپتۇ ساتىراش.

— ئەمىسە نېمىشقا ئالدىڭ؟— خېرىدار ئۇنى قىستاپ ھۆرپىيىپتۇ.

غەلىتە ئىش، ساتىراش نېمە ئۈچۈن چېچىڭنى ياسىغىنىم ئۈچۈن پۇل ئالغىنىم يوق، دەيدۇ؟

## بۇ دەرەختىن يەتتە تال ئالما چۈشسە نېمىشقا مۆجىزە بولىدۇ

ئورمانچىلىق ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزگەن بىر ئوقۇغۇچى يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇچرىغانلا ئادەمگە ئۆزىنىڭ بىلىمىنى كۆز - كۆز قىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ قېرى باغۋەننىڭ مېۋىلىك دەرەخ كۆچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يېنىغا بېرىپ: «بۇنداق كۆچۈرۈش ئۇسۇلى ئىلمىي ئەمەس. مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا، مۇشۇ دەرەختىن يەتتە تال ئالما چۈشسە مەن ھەيران قالاتتىم» دەپتۇ.

باغۋەن ئۇنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە قارىۋېتىپ ئالدىرىماي: «شۇنداق بولسا سەنلا ئەمەس، مەنمۇ ھەيران قالاتتىم» دەپتۇ.

باغۋەننىڭ نېمىشقا شۇنداق دېگەنلىكىنى بىلەمسىز؟



## ئۇ بايغا نېمىشقا خۇشامەت قىلمايدۇ

بىر كەمبەغەل بايغا زادىلا خۇشامەت قىلمايدىكەن، باي ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەن نېمىشقا ماڭا خۇشامەت قىلمايسەن؟



ــ پۇللىرىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى كىم بىلىدۇ، يەنە كېلىپ سىلى پۇلنى ماڭا بـ-
كارغا بەرمەيلا، مەن سىلىگە نېمىشقا خۇشامەت قىلغۇدەكمەن؟ــ دەپتۇ كەمبەغەل.
ــ بوپتۇ، مەن پۇلۇمنىڭ ئوندىن ئۈچ قىسمىنى ساڭا بېرەي، ماڭا خۇشامەت
قىلامسەن؟
ــ بۇ ئادىل ئەمەس، مەن سىلىگە يەنىلا خۇشامەت قىلمايمەن!
ــ ئۇنداقتا، پۇلۇمنىڭ يېرىمىنى بەرسەممىغۇ خۇشامەت قىلارسەن؟
ــ ئۇ چاغدا بىز باراۋەر بولىمىز، سىلىگە نېمىشقا خۇشامەت قىلغۇدەكمەن؟
ــ ئەمىسە ھەممىسىنى بېرەي، ئەمدى خۇشامەت قىلارسەن؟
دېھقان قوشۇلماپتۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

## تەھرىر ماقالىنى قايتۇرغاندا قانداق ئېسىل ئوخشىتىشتىن پايدىلانغان

بىر خانىم ناھايىتى ئۇزۇن بىر پارچە ھېكايە يېزىپ بىر داڭلىق تەھرىرگە ئە-
ۋەتىپتۇ. بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ قايتۇرۇلغان ئارگىنالىنى تاپشۇرۇ-
ۋېلىپ، ناھايىتى خاپا بولۇپ، دەرھال تەھرىرگە تېلېفون قىپتۇ.
ھۆرمەتلىك ئەپەندى، سىز قايتۇرۇۋەتكەن ماقالەمنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، ئەمما
سىز كۆرمەيلا ماقالەمنى قايتۇرۇپسىز، چۈنكى مەن ماقالە ئەۋەتكەندە 18-، 19-
بەتلىرىنى چاپلاپ قويغانىدىم، قايتۇرۇلغان ئارگىنالدىكى بۇ ئىككى بەت يەنىلا
چاپلاقلىق تۇرۇپتۇ.
تەھرىر دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ، ھېلىقى ئايال لام - جىم دېيەلمەپتۇ.
تەھرىرنىڭ نېمە دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى بىلەمسىز؟

## قانداق بولسا ھەقىقىي ماھارەت ھېسابلىنىدۇ

بۇرۇن مەخسۇس باشقىلارنى تەڭلىكتە قويىدىغان بىر باي ئۆتكەنىكەن، بىر كۈنى ئۇ بىر قۇرۇق بوتۇلكىنى كەمبەغەلنىڭ بالىسىغا بېرىپ، مەي ئەكىلىشكە بۇيرۇپتۇ، ئەمما پۇل بەرمەپتۇ.

— پۇل بولمىسا ھاراق سېتىۋالغىلى بولامدۇ؟— سوراپتۇ بالا.

— پۇلغا ھاراق سېتىۋېلىشنى كىم بىلمەيدۇ، پۇل يوق بولسىمۇ ھاراق سېتىۋالالىسا ھەقىقىي ماھارىتى بار دەيمىز!

بىرپەستىن كېيىن بالا قايتىپ كېلىپ، بوتۇلكىنى بايغا بېرىپ:

— مەينى ئېلىپ كەلدىم، قېنى ئىچسىلە، — دەپتۇ.

باي قارىسا بوتۇلكا قۇرۇق ئىكەن.

— بىر تېمىممۇ مەي يوققۇ، مەن نېمىنى ئىچىمەن.

بالا جاۋاب بېرىپتىكەن، باي گەپ قىلالماي قاپتۇ.

بالىنىڭ نېمە دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى بىلەمسىز؟

## ئەپەندى پالۋاننى قانداق يەڭگەن

بىر كۈنى ئەپەندى بىر ئادەمنىڭ: «مەن بىر قولۇم بىلەن **1000** جىڭ ئېغىرلىقتىكى تاشنى ئوڭايلا كۆتۈرۈپ، شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدىن شەھەر ئىچىگە ئاتالايمەن» دەپ پو ئېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. ئەپەندى ئۇنىڭغا بىر قول ياغلىقنى بېرىپ:

— كىم كۈچلۈك سىنىشىپ باقايلى، بۇ قول ياغلىقنىڭ ئېغىرلىقى ئىككى سەرمۇ كەلمەيدۇ، سەن ئۇنى ھويلا ئىچىدىن سىرتىغا ئېتىپ باققىن، — دەپتۇ.

ئۇ ئادەم كۈچەپ ئاتسىمۇ قول ياغلىق يەنىلا ھويلىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپتۇ. ئەپەندى قول ياغلىقنى ئېلىپ، بوشلا ئاتقانىكەن، قول ياغلىق ھويلىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىپتۇ.

كىچىك دوستلار، ئەپەندىنىڭ قول ياغلىقنى قانداق ئاتقانلىقىنى بىلەمسىلەر؟





## قىزچاق تاجنى قانداق ئالغان

بىر پادىشاھ ھەشەمەتلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ، نۇرغۇن ئادەم قاتنىشىپتۇ. پادىشاھ 15 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر ئېسىل گىلەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا چاقناپ تۇرغان بىر تاجنى قويۇپ قويۇپتۇ.

— خانىملار، ئەپەندىلەر، كىم گىلەمگە چىقماي تاجنى ئالالايدۇ؟ ئەمما قولنىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ، باشقا ھەرقانداق قورال ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر كىمدىكىم ئۇنى ئالالىسا، تاجنى شۇنىڭغا سوۋغا قىلىۋېتىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

پادىشاھنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا كىشىلەر گىلەمنى چۆرىدەپ قوللىرىنى سوزۇشۇپتۇ، ئەمما ھېچكىم تاجنى ئالالماپتۇ.

بۇ چاغدا بىر قىزچاق تاجنى ئاپتۇ. ئۇ قانداق قىلىپ تاجنى ئالالىدى؟

## جۇرئەت نېمىشقا تاغىسى ئېلىپ كەلگەن تۇغۇلغان كۈن سوۋغىتىنى تېپىۋېتىدۇ

بۈگۈن جۇرئەتنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، تاغىسى ئۇنىڭغا سوۋغا بەردى. جۇرئەت ساۋاقداشلىرىغا:

— مەن ئۇ سوۋغىنى كۆرگەندىن كېيىن گەپ - سۆز قىلماي تېپىۋەتتىم، — دېدى.

ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى جۇرئەتكە «بۇنداق قىلغىنىڭ ياخشى بولماپتۇ» دېيىشتى.

جۇرئەت ئۇنداق قارىمايتتى، ئۇ:

— تاغامنىڭ ماڭا نېمە سوۋغا قىلغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟— دەپ سورىدى.

ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى تۇرۇپلا قالدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ دوستى شىرئەلى:

— مەن بىلدىم، — دېدى. ئۇ جۇرئەتنىڭ تاغىسى بەرگەن سوۋغىنىڭ نېمىلىكىنى ئېيتقاندا، كۆپچىلىك كۈلۈپ كېتىشتى.

تاغىسىنىڭ جۇرئەتكە نېمە سوۋغا قىلغانلىقىنى بىلەمسىز؟

## نېمىشقا ئىككى ھەسسە ئوقۇش خىراجىتى تاپشۇرىدۇ

بىر ياش يۇنان پەيلاسوپى سوقراتتىن ناتىقلىق ئىلمىدىن تەلىم ئالغىلى كەپتۇ. ئۇ ئۆزىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي نۇرغۇن گەپ قىپتۇ. ئاخىرىدا سوقرات ئۇنىڭدىن ئىككى ھەسسە ئوقۇش خىراجىتى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ھېلىقى ياش ھەيران قېلىپ سوراپتۇ:

— مەن نېمىشقا ھەسسىلەپ ئوقۇش خىراجىتى تۆلەيمەن؟

سىز نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلەمسىز؟

## پىكاسو گېرمانىيە ئوفىتسېرىغا نېمە دەپ جاۋاب بەرگەن

دۇنياغا داڭلىق رەسسام پىكاسو ئۆمۈر بويى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قارشى تۇرغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، گېرمانىيە ئەسكەرلىرى پارىژدىكى پىكاسو سەنئەت سارىيىغا پات - پات كىرىپ تۇراتتى. بۇ چاقىرىلمىغان مېھمانلار سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرايتتى.

بىر كۈنى، پىكاسو گېرمانىيە ئەسكەرلىرىگە ئۆزىنىڭ داڭلىق رەسىمى «گۆېرنىكا»نىڭ تەقلىد قىلىنغان نۇسخىسىنى تارقىتىپ بېرىدۇ، بۇ رەسىمدە ئىسپانىيەنىڭ شەھىرى گۆېرنىكانىڭ گېرمانىيە ئارمىيەسى بومباردىمان قىلغاندىن كېيىنكى ئېچىنىشلىق ھالىتى تەسۋىرلەنگەنىدى.

بىر گېرمانىيە ئوفىتسېرى بۇ رەسىمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ پىكاسودىن: «بۇ سىزنىڭ ئەسىرىڭىزمۇ؟» دەپ سورايدۇ. پىكاسونىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىز؟



## مەردان نېمىشقا قىمىر قىلماي ئولتۇرىدۇ

زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلمەكچى بولدى، مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ تۇ- يۇقسىزلا:

— زېھىن سىناش مۇسابىقىسىنىڭ سوئال قەغىزىنى بىر چوڭ لۇغەتنىڭ 1991- بېتى بىلەن 1992 بېتىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويدۇم، ئىشخانىغا بېرىپ سوئالنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى.

ساۋاقداشلار گۇررىدە چىقىپ كېتىشتى. پەقەت مەردانلا قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى، مۇئەللىم دەرھال ئۇنىڭغا 100 نومۇر قويدى.

سەۋەبىنى بىلەمسىز؟

## مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سىرى نېمە

بىر ياش ئېينىشتېيندىن: «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزنىڭ سىرى نېمە؟» دەپ سوراپتۇ. ئېينىشتېين ئۇنىڭغا: «مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سىرى تىرىشچانلىق، ئىجتىھات بىلەن ئىشلەش» دەپتۇ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ ياش ئۇنىڭدىن بۇ سوئالنى يەنە سوراپتۇ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئۇدۇل يول بىلەن بارماقچى بولۇپ، بىر ھەقىقىي «سىر»نى ئاڭلاشنى ئويلاپتۇ. بۇ ئىشتىن ئېينىشتېين ناھايىتى خاپا بولۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، بىر نەچچە خەت يېزىپ ئۇنىڭغا بېرىپتۇ.

ھېلىقى ياش خەتنى ئېلىپ قارىسا مۇنداق بىر فورمولا يېزىلغانىكەن:

$$A=X+Y+Z$$

ھېلىقى ياش چۈشىنەلمەي: «بۇنىڭ مەنىسى نېمە» دەپ سوراپتۇ.

بۇ فورمۇلانىڭ مەنىسىنى سىز ئاڭلاپ باققانمۇ؟

## كۇرۇشكىدىن سەرەڭگىنى قانداق ئالغان

دىلشاتنىڭ دادىسى تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرغاندا، دىققەت قىلماي بىر تال سەـ
رەڭگە قالدۇقىنى بايىلا يۇيۇپ قويغان كۇرۇشكىغا تاشلىۋەتتى. ئۇ قولىنى تىقىپ ئالاي
دەپ تۇرغاندا دىلشات: «قولۇڭدا ئالساڭ كۇرۇشكىنى پاسكىنا قىلىۋېتىسەن، قولۇڭنى
كۇرۇشكىغا تەگكۈزمەي تۇرۇپ بۇ سەرەڭگە قالدۇقىنى ئالالامسەن؟» دېدى.
«ئالىمەن» دېدى دادىسى. نەتىجىدە دادىسى راستىنىلا قولىنى كۇرۇشكىغا تەگكۈزمەي
سەرەڭگە قالدۇقىنى ئالدى. ئۇنىڭ سەرەڭگە قالدۇقىنى قانداق ئالغانلىقىنى بىلەمسىز؟

## بارلىق بۇيۇملارنى ئېرىتىۋېتەلەيدىغان ئېرىتمە بارمۇ

بىر ياش ئۇلۇغ كەشپىياتچى ئېدىسوننىڭ تەجرىبىخانىسىدا ئىشلىمەكچى بوپتۇ.
ئېدىسون ئۇ ياش بىلەن كۆرۈشۈپتۇ، ئۇ ياش تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن:
— مەن ھەرقانداق نەرسىنى ئېرىتىۋېتەلەيدىغان بىر خىل ئېرىتمە ئىجاد قىلاي
دەيمەن، — دەپتۇ.
ئېدىسون بىر ئېغىز گەپ قىپتىكەن، بۇ ياش گەپ ـ سۆز قىلالماي قاپتۇ.
ئېدىسون نېمە دېگەن؟



## قانداق دوست ھەقىقىي دوست

بىر كۈنى ئىككى ئادەم ئوۋغا چىقىپتۇ. تۇيۇقسىز ئورماندىن بىر ئېيىق چىقىپ
كەپتۇ.

ئورۇقراقى دەرھال بىر دەرەخكە چىقىۋاپتۇ، سېمىزراقى دەرەخكە چىقىشقا ئۇلگۈرەلمەي، ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋاپتۇ. ئېيىق ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالغان ئوۋچىنىڭ يېنىغا كېلىپ پۇراپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.

دەرەخكە چىقىۋالغان ئادەم شۇ چاغدىلا دەرەختىن چۈشۈپتۇ، ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالغان ئادەم دوستىغا:

— بايا ئېيىقنىڭ ماڭا نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسەن؟— دەپتۇ؟

— بىلمەيمەن.

ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالغان ئادەم «ئېيىقنىڭ ئۆزىگە دېگەن گەپلىرى»نى دوستىغا ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن دوستى نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بوپتۇ.

بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلەمسىز؟



## بوۋاي كۆكتات سېتىۋالغاندا نېمىشقا پىچاق سورايدۇ

كۆكتات بازىرىدا ئادەملەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. بىر كۆكتات ساتقۇچى بىر بوۋايغا كۆكتات جىڭلاپ بەرگەندە، بارمىقى بىلەن جىڭ خادىسىنى بېسىپ قويۇپتۇ. بوۋاي بۇنى كۆرۈپ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ.

كۆكتات ساتقۇچى كۆكتاتنى جىڭلاپ بولغاندىن كېيىن بوۋاي:

— يىگىت، پىچىقىڭىز بارمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

كۆكتات ساتقۇچى ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قاپتۇ، ئاندىن:

— يوق، پىچاقنى نېمە قىلىسىز؟— دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي بىر ئېغىز گەپ قىلغانىكەن، كۆكتات ساتقۇچى ئۆزىنى بىلىپ بوۋايدىن كەچۈرۈپ سوراپتۇ ھەم كۆكتاتنى قايتىدىن جىڭلاپ بېرىپتۇ.

بوۋاي پىچاقنى نېمە قىلىدۇ، بىلەمسىز؟

## ئۇ يەردە نېمە يوق

ئىۋان، بورىس ئىسىملىك ئىككى نەپەر رۇسىيەلىك ئىشچى سىبىرىيەنىڭ شارائىتى ياخشى دەپ ئاڭلاپ، ئۇ يەرگە بېرىپ قۇرۇلۇشتا ئىشلەشنى مەسلىھەتلەشتى. ئالدى-نىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئىۋان ئاۋۋال بارىدىغان، بورىس ئۇنىڭدىن خەۋەر كەل-گەندىن كېيىن بارىدىغان بولۇشتى.

يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئىككىيلەن، ئەگەر خەت كۆك سىياھتا يېزىلغان بولسا راست گەپ، ئەگەر قىزىل سىياھتا يېزىلغان بولسا يالغان گەپ دەپ چۈشىنىدىغان بولۇپ كېلىشتى.

بىر ئايدىن كېيىن ئىۋاندىن خەت كەلدى، بورىس ناھايىتى خۇشال بولدى، چۈنكى خەت كۆك سىياھتا يېزىلغانىدى: «قەدىرلىك بورىس، بۇ يەرنىڭ شارائىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، تاللا بازىرىدا ھەممە نەرسە تېپىلىدىكەن، ھەر كۈنى ئەتىگەندە يېڭى بولكا ۋە سۈت بېرىدىكەن. كىيىم - كېچەكلەرمۇ ناھايىتى ئەرزانكەن، پەقەت بىرلا نەرسە يوقكەن، مېنىڭ بەك بېشىم قاتتى.»

ئەقىللىق ئوقۇرمەن، ئىۋاننىڭ ئۇ يەردە نېمە يوقكەن دېگىنىنى بىلەمسىز؟

## تەرجىمان ئۇزۇن لەتىپىنى قانداق «قىسقا تەرجىمە» قىلغان

بىر داڭلىق يازغۇچى ياپونىيەدىكى بىر داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتتا نۇتۇق سۆزلەش-كە تەكلىپ قىلىندى، تىل بىلمىگەچكە ئۇ بىر تەرجىمان تەكلىپ قىلدى.

نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا، يازغۇچى ناھايىتى ئۇزۇن بىر لەتىپىنى سۆزلىدى، ئاندىن تەر-جىماننىڭ ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلىشىنى كۈتتى. ئەمما ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، تەرجىمان نەچچە سېكۇنت تەرجىمە قىلىپلا، بۇ ئىستودېنتلارنى قاقاقلىتىپ كۈلدۈرۈۋەتتى.

تەرجىماننىڭ قانداق تەرجىمە قىلغانلىقىنى بىلەمسىز؟





## نېمىنى تازىلىغانچە پاسكىنىلىشىدۇ

جۇغراپىيە دەرسىدە، مۇئەللىم سۆزلەپ «ئىنسانىيەت ۋە دېڭىز - ئوكيان» دېگەن بابقا كەلگەندە، دەرسخانا كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، ساۋاقداشلاردىن بىرقانچە قىزىقارلىق مەسىلىنى سورىدى:

— بىر جىڭ پاختا بىلەن بىر جىڭ تۆمۈرنىڭ قايسىسى ئېغىر؟

— تۆمۈر ئېغىر. ياق، ئېغىرلىقى ئوخشاش، — بىرەيلەن جاۋابىنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ دەرھال تۈزىتىۋالدى.

— ئۇنداقتا... — دېدى مۇئەللىم ئاۋازىنى سوزۇپ، — كۈندىلىك تۇرمۇشتا نېمىنى تازىلىغانچە پاسكىنىلىشىدۇ؟

## ئەسكەر نېمىشقا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئوفىتسېرغا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ

بىر ئوفىتسېر يېڭى ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. ئۇ يېڭى ئەسكەرلەرگە ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئۇ كۈنى بۇ قاتتىق قول ئوفىتسېر يېڭى ئەسكەرلەرگە پەند - نەسىھەت قىلىپ: «مېنىڭ ئىسمىمنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ سىلەرگە دەپ بېرەي، مېنىڭ ئىسمىم تاش، ئەمەلىيەتتە مەن تاشتىنمۇ قاتتىق. مەشىق جەريانىدا ئۆزۈڭلەرغا ئاۋارىچىلىك تېپىۋالماي دېسەڭلار، ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىمەن دەپ خام خىيال قىلماڭلار» دەيدۇ.

ئارقىدىنلا ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئىسمىنى بىرمۇبىر سورايدۇ ھەم قاتتىق ئاۋازدا جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەسكەر ئۇنىڭغا ئىسمىنى بىرمۇبىر دەپ بېرىدۇ. ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا پاكىنەك بىر ئەسكەر زۇۋان سۈرمەيدۇ.

ئوفتسېر ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ: «سەن نېمىشقا ئىسمىڭنى ماڭا ئېيتىپ بەرمەيسەن؟ قەستەن چاتاق چىقارماقچىمۇ سەن؟» دەيدۇ.

بۇ ئەسكەر نېمىشقا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىشقا پېتىنالمايدۇ؟

## مۇكاپاتقا ئېرىشىشكە كاپالەتلىك قىلىش

دادىسى بىر دانە كۆمەك سېتىۋېلىپ ئادىل بىلەن ئالمىغا:

ــ بىر مۇكاپاتلىق پۇل ساقلاش ئويۇنى ئوينىساق قانداق؟ــ دەپتۇ.

ــ بولىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن.

ــ ئۇسۇلى مۇنداق، ــ دەپتۇ دادىسى كۆمەكنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ، ــ ئىككىڭلار ھەر كۈنى نۆۋەت بىلەن بىر تال تەڭگىنى كۆمەككە سالىسىلەر. بۈگۈن سەن سال، ئەتە ئاكاڭ سالسۇن، بىر كۈندە بىر تال تاشلايسىلەر. بىر پۇڭلۇق، ئىككى پۇڭلۇق، بەش پۇڭلۇق بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. كىم ئاۋۋال كۆمەكنى پۇل بىلەن تولدۇرالىسا ياكى بىر يۈەندىن ئېشىپ كەتسە، شۇ ئۇتقان بولىدۇ. مۇكاپاتقا بىر دانە ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىمەن، ــ دەپتۇ.

ــ كۆمەكتىكى پۇلنىڭ بىر يۈەن بولغانلىقىنى قانداق بىلىمىز؟ــ دەپتۇ ئادىل.

ــ مېنىڭ قېشىمدا بىر دانە ئامانەت ھېسابلاش جەدۋىلى بار، ــ دەپتۇ ـ دە، دادىسى يانچۇقىدىن بىر ۋاراق گىرافىكلىق قەغەز چىقىرىپ:

ــ جەۋەلدە ئاي ـ كۈن، ئىسىم، ساقلىغان پۇل سانى، كۆمەككە تاشلىغان تەڭگىنىڭ كۈندىلىك يىغىلىش ئەھۋالى گىرافىكلار بويىچە تولدۇرۇلىدۇ، ــ دەپتۇ.

بىرىنچى قېتىم ئادىل مۇكاپاتقا ئېرىشىپتۇ. ئۇ كۆمەكتىكى تەڭگىلەرنى ئېلىپ، بانكىغا قويۇپتۇ.

ئىككىنچى قېتىملىق مۇكاپاتلىق ئامانەت باشلانغاندا، ئادىل ئاۋۋال تاشلاپتۇ. نەتىجىدە، يەنىلا ئادىل مۇكاپاتقا ئېرىشىپتۇ.

ئۈچىنچى، تۆتىنچى قېتىمنىڭ ھەممىسىدە ئادىل مۇكاپاتقا ئېرىشىپتۇ. ئالىم چى-





داپ تۇرالماي، دادىسىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ:

— دادا، نېمىشقا ئۇ دائىم مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ؟— دەپتۇ.

— قارىغاندا ئادىل ھېسابلاشنى بىلىدىكەن. ماڭا قارا، — دەپتۇ دادىسى رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ ۋە كىچىك ئوغلىنى بىر چەتكە تارتىپ ئۇنىڭغا ئاستا بىر نېمىلەرنى دەپتۇ ۋە بارمىقى بىلەن شىرەنىڭ ئۈستىگە بىر نېمىلەرنى سىزىپ كۆرسىتىپتۇ. ئالىم دىققەت بىلەن ئاڭلاپتۇ ۋە بىردىنلا:

— بىلدىم، بىلدىم، چوقۇم مۇكاپاتقا ئېرىشىمەن، — دەپ خۇش بولۇپ كېتىپتۇ.

بەشىنچى قېتىملىق مۇكاپات ئالىمنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ.

دادىسى ئويۇننىڭ ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ:

— مەن ھەر كۈنى ئاۋۋال بىر دانە بىر پۇڭلۇق تەڭگىنى تاشلايمەن، ئاندىن ئىككىڭلار ئاۋۋالقىدەك نۆۋەت بويىچە تاشلايسىلەر ۋە جەدۋەلنى تولدۇرىسىلەر. مۇشۇنداق قىلىپ، كىم ئاۋۋال كۆمەكتىكى پۇلنى ئۈچ يۈەنگە تولدۇرالىسا ۋە ئاشۇرۇۋېتەلىسە شۇ مۇكاپاتلىنىدۇ، — دەپتۇ.

ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن بىر تەرەپتىن ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن ئويلىنىپتۇ، يەنە قەغەز، قېرىنداش چىقىرىپ ھېسابلاشقا باشلاپتۇ. ئادىل ئورنىدىن تۇرۇپ دادىسىنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ. دادىسىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپتۇ ۋە توختىماي باش لىڭشىتىپتۇ. ئارقىدىنلا ئالىم قالايمىقان بىر نېمىلەر يېزىلغان قەغەزنى دادىسىغا بېرىپتۇ. دادىسى ئىنچىكىلىك بىلەن قەغەزنى كۆرۈپ خۇشاللىق بىلەن ئىككىسىنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— باللىرىم، سىلەر ھەقىقەتەن ئەقىللىق ئىككەنسىلەر ھەم ئىزدىنىشنى بىلىدىكەنسىلەر. بۇ قېتىم ئويلىغان ئامالىڭلار ئوخشاش ئىكەن. ئىككىڭلار مۇكاپاتقا ئېرىشىشكە تېگىشلىك، — دەپتۇ.

سىز بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىشنىڭ مەخپىيىتىنى بىرلىكتە تەھلىل قىلىپ بېقىشقا قىزىقامسىز؟

## پادىشاھ نېمىشقا ئەپەندىگە ئۆزىنى كۆپرەك ئاسرىشنى ئېيتىدۇ

بىر كۈنى ئەپەندى ئوردىغا كىرىپ پادىشاھنىڭ ياساۋۇلى بىلەن چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىپ قاپتۇ. ئەپەندى: «مېنىڭچە سىلى ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ كېتە- دىلا» دەپتۇ. بۇ ئىش راستىقا ئايلىنىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ھېلىقى ياساۋۇل ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ قاپتۇ.

پادىشاھ ناھايىتى خۇراپىي ئىكەن، ياساۋۇل ئەپەندىنىڭ شۇم ئېغىزلىقىدىن ئۆل- دى، دەپ قارايدىكەن. پادىشاھ ئەپەندىنىڭ ئۆزىگىمۇ شۇم ئېغىزلىق قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى دارغا ئېسىشقا پەرمان قىپتۇ. ئەپەندى جازا مەيدانىغا ئېلىپ مېڭى- لىپتۇ. يولدا پادىشاھ: «سەن ئۆزۈڭنىڭ قاچان ئۆلىدىغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟» دەپ سوراپتۇ. ئەپەندى يىراقتىكى دار جازىسىنى كۆرۈپ، پادىشاھنىڭ ئۆزىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغانلىقىنى بىلىپتۇ ھەم كۆڭلىدە ئامال ئىزدەپتۇ.

ئەپەندى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغان كۈنىنى ئېيتىپتىكەن، پا- دىشاھ قورقۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ دەرھال ئەپەندىنى قويۇۋېتىشكە بۇيرۇپتۇ ھەم ئۇنىڭغا ئۆزىنى كۆپرەك ئاسرىشنى ئېيتىپتۇ.

نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلەمسىز؟

## كەنت باشلىقى ياڭيۇنى قانداق تەقسىم قىلغان

بىر دېھقان ئۆلۈش ئالدىدا بار - يوق 15 تال ياڭيۇنى ئۈچ ئوغلىغا تاپشۇ- رۇپ، چوڭ ئوغلىنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمىنى ئېلىشىنى، ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئېلىشىنى، كەنجى ئوغلىنىڭ ئېشىپ قالغان قىسمىنى ئېلىشىنى تاپىلاپتۇ. دېھقان ئۈچ ئوغلىنىڭ كاللا ئىشلىتىپ ياڭيۇلارنى بۆلۈشۈشىنى ئۈمىد قىپتۇ،

ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى دۆت ئىكەن، ھەممىسى كېسىپ بۆلۈشۈشنى خالىماپتۇ. ھەربىرى ئۆزىگە تېگىشلىك قىسمىنى ئېلىشنى ئويلاپتۇ. ھېچقايسىسى زىيان تارتىشنى خالىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈچەيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا جېدەل چىقىپتۇ.

بۇ ئىش كەنت باشلىقىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ، كەنت باشلىقى ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ياڭيۇنى ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ.

كەنت باشلىقى قانداق تەقسىم قىلغان؟



## ھىسام نېمىشقا قۇلىقىنى كۆچەتكە ياقىدۇ

باغچىغا تېخى يېقىندىلا بىر قاتار كۆچەت تىكىلگەنىدى، بىرنەچچە كەپسىز بالا كۆچەتلەرنى لىڭشىتىپ ئوينايدۇ. بىر نەچچە ئادەم ئۇلارغا نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ ئۇلار ئاڭلىمايدۇ.

مەشھۇر چاقچاقچى ھېسام بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كۆچەتنىڭ يېنىغا كېلىپ، گەپ - سۆز قىلماي، خۇددى بىر نەرسىنى ئاڭلاۋاتقاندەك كۆچەتكە قۇلىقىنى يېقىپ تۇرىدۇ.

بالىلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ چۈشىنەلمەي:

— تاغا، نېمە قىلىۋاتىسىز؟— دەپ سورايدۇ.

ھېسام بىر ئېغىز گەپ قىلغاندىن كېيىن بالىلار كۆچەتلەرنى قايتا لىڭشىتمايدۇ.

ئۇ نېمە دېگەن؟

## ئۇ ھاياتىنى قانداق ساقلاپ قالغان

بىر كەڭ دەريادا بىر كىچىك كېمىسى ئاستا كېتىپ باراتتى. كېمىدە بىرلا يولۇچى بار ئىدى. كېمە دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، يولۇچى مىس رومكىسىنى ئېلىپ ھاراق ئىچتى.

ئۇ مىس رومكا ۋال ـ ۋۇل چاقناپ ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقاتتى. كېمىچى ئۇنى ئالتۇنمىكىن دەپ ئويلاپ، يولۇچىنى ئۆلتۈرۈپ رومكىنى بۇلىماقچى بولدى.

يولۇچى كېمچىنىڭ پات ـ پات ئۆزىگە ئوغرىلىقچە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى بىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ئامال ئويلاپ تېپىپ، كېمچىنىڭ بۇ خىيالىنى يوق قىلىپ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى.

بۇ يولۇچىنىڭ قانداق ئامال تاپقانلىقىنى بىلەمسىز؟

## بالا «ئېشەك»نى قانداق مەسخىرە قىلغان

ئىسفاھان شەھىرىلىك بىر ئادەم بىر بالىنىڭ بىر تىللانى ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئالداپ ئېلىۋالماقچى بوپتۇ. ئۇ بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ بىرنەچچە يارماق بېرىپ:

ــ سەن بۇنى ماڭا بەر، مەن بۇلارنى ساڭا بېرەي، ــ دەپتۇ.

ــ ماقۇل!ــ دەپتۇ بالا دەرھال، ــ ئەمما سىز ئېشەكنى دوراپ ھاڭراپ بېرىڭ!

ئۇ ئادەم ئەتراپقا قاراپ ئادەم يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن ئېشەكتەك ھاڭراپتۇ. ئەمما بالا بىر ئېغىز گەپ قىلغانىكەن، ئۇ قاتتىق نومۇس قىپتۇ. بالىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىز؟

## ئېرىتمە نېمە ئۈچۈن تىللانى ئېرىتەلمەيدۇ

خىمىيە دەرسىدە، ئوقۇتقۇچى بىر تىللانى چىقىرىپ، ئەينەك قاچىدىكى ئېرىتمىنى كۆرسىتىپ ئوقۇغۇچىلاردىن سورىدى:

ــ بايا مەن بۇ ئېرىتمىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى سۆزلەپ ئۆتتۈم، ھازىر بۇ تىللانى ئۇنىڭغا تاشلايمەن. ئويلاپ بېقىڭلار، تىللا ئېرىپ كېتەمدۇ؟

باللار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ جاۋاب بېرەلمىدى.

تۇيۇقسىز، بىرىنچى رەتتە ئولتۇرغان نىغمەت ئورنىدىن تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا:





— چوقۇم ئېرىمەيدۇ، — دېدى.

— جاۋابىڭ ناھايىتى توغرا، — دېدى مۇئەللىم ئۇنى ماختاپ، — بۈگۈنكى دەرسنى چۈشىنىپسەن، سەۋەبىنى دەپ بېرەمسەن؟

نېغمەت قانداق جاۋاب بەرگەن؟

## ئىزوپ نەگە بارغان

بىر قېتىم غوجايىنى ئىزوپنى شەھەرگە ئەۋەتىپتۇ. يولدا ئۇ بىر سوتچىغا ئۇچراپ قاپتۇ، سوتچى سوراپتۇ:

— نەگە ماڭدىڭ؟

— بىلمەيمەن، — دەپتۇ ئىزوپ. بۇ جاۋابتىن سوتچى گۇمانلىنىپ ئۇنى زىندانغا تاشلاپتۇ.

ئىزوپ زىنداندا قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. سوتچى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلۈپ كېتىپ ئۇنى قويۇۋېتىپتۇ.

ئىزوپنىڭ زىنداندا قانداق قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

## ساياھەتچى نېمىشقا «ماڭدۇ»

بىر كۈنى، بىر ساياھەتچى ئىزوپنى ئۇچرىتىپ قېلىپ ئۇنىڭدىن:

— قانچىلىك ماڭسام شەھەرگە يېتىپ بارالايمەن؟— دەپ سوراپتۇ.

— مېڭىۋېرىڭ، — دەپتۇ ئىزوپ.

— مەنغۇ ماڭىمەن، ئەمما قانچە ئۇزۇن ماڭسام شەھەرگە يېتىپ بارالايمەن؟— دەپتۇ ساياھەتچى.

— داۋاملىق مېڭىڭ، — دەپتۇ ئىزوپ يەنە.

— بۇ ئادەم ساراڭكەن، — ساياھەتچى شۇنداق دەپلا ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

بىر پەستىن كېيىن ئىزوپ ئۇنىڭ كەينىدىن ۋارقىراپتۇ:
— ئىككى ئاش پىشىم ماڭسىڭىز شەھەرگە يېتىپ بارىسىز.
— بايا نېمىشقا دېمەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ساياھەتچى.
شۇنداق، ئىزوپ نېمىشقا باشتىلا ئۇنىڭغا دەپ بەرمەيدۇ؟

## مىليونېرنىڭ يالغان كۆزىنى قانداق پەرق ئەتكەن

بىر مىليونېرنىڭ سول كۆزى قۇيۇلۇپ كېتىپ، نۇرغۇن پۇل خەجلەپ يالغان كۆز سالدۇرۇپتۇ. يالغان كۆز راست كۆزگە بەك ئوخشىغاچقا، پەرقلەندۈرۈش ناھايىتى تەسكەن.
بىر كۈنى مارك تۋېنغا ئۇچراپ قېلىپ:
— سىز قايسى كۆزۈمنىڭ يالغان كۆز ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— سول كۆزىڭىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مارك تۋېن دەرھاللا. باي ھەيران قېلىپ سەۋەبىنى سوراپتۇ.
مارك تۋېننىڭ قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى بىلەمسىز؟

## كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەم نەدە ئولتۇرغان

بىر پالۋان كۈچۈم جىق دەپ، دائىم گەدىيىۋالىدىكەن. ئۇ كىتاب ئوقۇيدىغان قوشنىسىنى كۆزگە ئىلمايدىكەن، قوشنىسى بۇنىڭغا قايىل ئەمەسكەن.
بىر كۈنى قوشنىسى پالۋانغا:
— بۈگۈن مەن سەن بىلەن بەسلىشىمەن، ئەگەر مەن يېڭىۋالسام سەن بۇنىڭدىن كېيىن گەدىيىۋالمايسەن؛ ئەگەر ئۇتتۇرۇپ قويسام ساڭا 10 سەر كۈمۈش بېرىمەن، — دەپتۇ.
— قانداق بەسلىشىمىز؟ — دەپتۇ پالۋان ئويلىنىپ كۆرۈپ.





— ئولتۇرۇشتا بەسلىشىمىز، پەقەت سەن مەن ئولتۇرغان يەردە ئولتۇرالىساڭلا
ئۇتىسەن.

ئارقىدىنلا كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەم پالۋاننى ئاۋۋال ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. ئاد-
دىن ئۆزى بىر يەرنى تاللاپ ئولتۇرۇپتۇ. پالۋان بۇنى كۆرۈپ ئاغزىنى ئېچىپ تو-
رۇپلا قېلىپ ئۇتتۇرغىنىغا تەن بېرىپتۇ. كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەم نەدە ئولتۇرغان؟

## ئارتىس قانداق ماسلاشقان

سەھنىدە، «دۈشمەن»نى ئاتىدىغان ۋاقىتتا، تاپانچىدىن ئاۋاز چىقمىدى. يەنە
بىر ئاتىسمۇ ئاۋاز چىقمىدى.

پەستىكى تاماشىبىنلار غۇلغۇلا قىلىشتى. ئارتىس دەماللىققا نېمە قىلىشىنى بىلەل-
مەي، «دۈشمەن»نى قاتتىق تېپىشكە باشلىدى.

دۈشمەننىڭ رولىنى ئالغان ئارتىسنىڭ ماھارىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇ ئاستا ـ ئاس-
تا يەرگە يىقىلىپ، ئاندىن تەستە بېشىنى كۆتۈرۈپ، زەئىپ ئاۋازدا بىر گەپ قىلىپ،
بۇ قېتىمقى سەۋەنلىكنى يېپىپ قالدى.

ئۇ نېمە دېگەن؟

## ئەرزان باھالىق ھۆسن تۈزەش ئۇسۇلى قانداق بولىدۇ

بىر ياشىنىپ قالغان ئايال بىر داڭلىق ھۆسن تۈزەش ئورنىغا بېرىپ ھۆسن تو-
زەپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ. ھۆسن تۈزىگۈچى ئۇنىڭ يۈزىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ
چىققاندىن كېيىن:

— خانىم، سىزنى ئوپېراتسىيە قىلساق بولغۇدەك، شۇ چاغدا قىزلاردەك بو-
لۇپ كېتىسىز. ئەمما ئوپېراتسىيە ھەققى بىلەن دورا ھەققى 10 مىڭ ئامېرىكا دول-
لىرى، — دەپتۇ.

— ۋاي خۇدايىم، نېمانداق قىممەت؟— ئايال ۋارقىراپ كېتىپتۇ.
— ئۇنداقتا ئۈچ ئامېرىكا دوللىرىلا كېتىدىغان بىر ئۇسۇلنى تونۇشتۇراي.
— ئۇ قانداق ئۇسۇل؟
ئويلاپ بېقىڭ، ھۆسن تۈزىگۈچىنىڭ دېگىنى قانداق ئۇسۇل؟

## نەسرىدىن ئەپەندى توم سىزىقنى قانداق قىلىپ ئىنچىكە قىلغان

نەسىرىدىن ئەپەندى ئەقىللىقلىكى بىلەن داڭلىق. بىر قېتىم پادىشاھ ئۇنى چاقـ-
رىپ ئوسال قىلماقچى بوپتۇ. پادىشاھ ھاسا بىلەن يەرگە توم بىر سىزىق سىزىپ:
— ئەپەندى، بۇ سىزىقنى ئازراق ئىنچىكىلەت، قانداق ئامالىڭ بار؟ بىر شەرت، ئۆچۈرمەيسەن، ئۈستىنى باشقا نەرسە بىلەن يېپىپمۇ قويمايسەن، — دەپتۇ.
نەسىرىدىن ئەپەندى پادىشاھنىڭ تەلىپىگە خىلاپلىق قىلماي، ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن بىر ئامال ئىشلىتىپ پادىشاھنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاپتۇ. ئاندىن پادىشاھقا:
— ئالىيلىرى، قاراپ باقسىلا، ئۇ سىزىق ئىنچىكىلەپتىمۇ؟— دەپتۇ.
پادىشاھ بېشىنى لىڭشىتىپ، نەسىرىدىن ئەپەندىنىڭ ئەقىللىقلىقىغا قايىل بوپتۇ.
ئەپەندىنىڭ ئۇ سىزىقنى قانداق ئىنچىكىلەتكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

## كىچىك بالىدا بەل يوقمۇ

بۇرۇنقى زاماندا تۇرسۇن ئىسىملىك بىر بالا ئۆتكەنىكەن، ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ بايغا يىللىقچى بولۇپ ئىشلەپتۇ. بىر كۈنى بۇغداي ئورۇپ چۈش بولغاندا، چارچىغ-
نىدىن بېلىنى رۇسلاپ ئارام ئالغۇسى كەپتۇ.
— پاقىدا بويۇن، كىچىك بالىدا بەل بولمايدۇ. ساڭا بەل چىققاندا دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىمەن، — دەپتۇ باي.



چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ يەنە بۇغداي ئورماقچى بوپتۇ، تۇرسۇن ئورغاقنى بىلىگە قىستۇرۇۋېلىپ، ئورغاقنى ئىزدەۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ. باي بۇنى كۆرۈپ:

— ۋاقىتنى ئۆتكۈزمە، ئورغاقنى بېلىڭگە قىستۇرۇۋاپسەنغۇ؟ — دەپتۇ. باينىڭ گېپى تۈگىشىگىلا، تۇرسۇن ئورغاقنى تاشلاپ دەم ئاپتۇ.

كىچىك دوستلار، بۇنىڭ قانداق ئىشلىقىنى بىلەمسىلەر؟



## بۆركۈتنى كىم ئۆلتۈرگەن

بىر يىرتقۇچ بۆركۈت دائىم كەنتتىكى توخۇ ۋە قوزىلارنى يەپ كېتىدىكەن، كەنتتىكىلەرنىڭ بۇنىڭغا بەك ئاچچىقى كەپتۇ. كەنت باشلىقى:

— يىرتقۇچ بۆركۈتنى كىم ئۆلتۈرسە 10 سەر كۈمۈش ئىنئام بېرىمەن، — دەپتۇ.

شۇ كۈنى بۆركۈت ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، A بىلەن Bھەر ئىككىسى مەن ئۆلتۈردۈم دەپ تۇرۇۋاپتۇ. كەنت باشلىقى بۆركۈتنىڭ جاراھەت ئېغىزىنى ئىنچىكە كۆزىتىپتۇ. بۆركۈتنىڭ كۆكرىكىگە تەگكىنى A نىڭ ئۇششاق چاچما ئوقى، دۈمبىسىگە تەگكىنى B نىڭ چوڭ چاچما ئوقى ئىكەن. پىشقەدەم كەنت باشلىقى ناھايىتى ئۇزۇن ئويلانغاندىن كېيىن:

— بۆركۈتنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلدىم، — دەپتۇ.

كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلەمسىز؟

## قازى نېمىشقا تويۇقسىز...

بىر ئادەم توخۇيۇمنى ئوغرىلاپ كەتتى دەپ ئەرز قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قازى ئۇنىڭ قوشنىلىرىنى چاقىرتىپ سوراق قىپتۇ. ئەمما قوشنىلىرى بويىنغا ئالماي تىزلىنىپ ئۆزىنى ئاقلاپتۇ. قازىنىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولماپتۇ، خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئۇ چارچاپ كەتكەن قىياپەتتە:

— ھازىرچە قايتىپ تۇرۇڭلار، — دەپتۇ.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپتۇ، بۇ چاغدا قازى تۇيۇقسىز...

ھېلىقى ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك بولغاچقا، ئىختىيارسىز تىزلىنىپ، توخۇنى ئۆزىنىڭ ئوغرىلىغانلىقىنى ئىقرار قىپتۇ.

قازى قانداق قىلغان؟

## ئارقىدا كۆزى بارمۇ

مارتىن جادىن ھەم ماتېماتىكا، ھەم ئىشتىن سىرتقى سېھرگەرلىك ھەۋەسكارى. ئۇ دائىم ماتېماتىكا پىرىنسىپىغا ئاساسەن سىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان سېھرگەرلىك ئويۇنلىرىنى لايىھەلەپ چىقاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئويۇنلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ياخشى نومۇر ھېسابلىناتتى.

بىر كۈنى ئۇ كۆپچىلىككە:

— بۈگۈن بىز سەرەڭگە ئويۇنى ئوينايلى. ئويۇن جابدۇقلىرى ناھايىتى ئاددىي. پەقەت 20 - 25 كىچە سەرەڭگە تېلى تەييارلىساقلا بولىدۇ. ھازىر مەن ئۆرۈلۈپ سىلەرگە كەينىمنى قىلىپ تۇرىمەن. سىلەرنىڭ نېمە ھەرىكەت قىلىۋاتقىنىڭلارنى كۆرەلمەيمەن. بىراق، سىلەر چوقۇم تۆۋەندىكى ئۈچ شەرت بويىچە ئىش قىلىسىلەر. ئاۋۋال، سىلەر بۇ تەييارلاپ قويغان سەرەڭگە تېلى دۆۋىسىدىن خالىغانچە بىر نەچچە تال ئېلىپ (سانى چوقۇم 6 - 10 غىچە بولۇشى لازىم)، ئۆزۈڭلەرنىڭ يانچۇقىغا سالىسىلەر. ئۇلاپلا سىلەر شىرەدىكى ئېشىپ قالغان سەرەڭگىگە قاراپ بېقىڭلار، ئۇ چوقۇم ئىككى خانىلىق سان بولىدۇ. بىرلەر خانىسى بىلەن ئونلار خانىسىنى ئۆزئارا قوشقاندا، بىر قوشۇلما سان چىقىدۇ، ئاندىن ئېشىپ قالغان سەرەڭگە دۆۋىسىدىن مۇشۇ قوشۇلما سانغا تەڭ سەرەڭگىنى ئېلىپ يانچۇقۇڭلارغا سالىسىلەر؛ ئەڭ ئاخىرىدا سىلەر ئېشىپ قالغان سەرەڭگە دۆۋىسىدىن خالىغانچە بىر نەچچە تال ئېلىپ قولۇڭلاردا يوشۇرۇپ تۇرۇسىلەر ھەم مېنى ئارقىغا ئۆرۈل دەيسىلەر. بۇ ۋاقىتتا، مەن سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا يوشۇرۇۋالغان سەرەڭگىنىڭ نەچچە تال ئىكەنلىكىنى تېپىپ بېرىمەن، — دەپتۇ. كۆپچىلىك دېگەن بويىچە قىپتۇ.



يوھان ئاۋۋال سىناپ بېقىپتۇ. مارتىن جادىن ئۇنىڭ قولىدىكى سەرەڭگە سانىنى دەرھال تېپىۋاپتۇ. مارىيە ئىشەنمەي سىناپ باققانىكەن مارتىن تېپىۋاپتۇ. مەيداندىكى 20 نەچچە ئادەمنىڭ ھەممىسى سىناپ بېقىپتۇ. مارتىن ھەر قېتىم خاتالاشماي تېپىۋاپتۇ.

— ئارقىڭىزدا كۆزىڭىز بارمۇ؟— دەپتۇ بىر قىزچاق ھەيران بولۇپ.

قېنى ئويلاپ بېقىڭ، مارتىن سەرەڭگە سانىنى قانداق تېپىۋالغان؟

## ئەقىل - ھوشى جايىدىلار ۋە ساراڭلار

مەلۇم بىر يۇرتتىكى كىشلەرنىڭ يېرىمىنىڭ ئەقىل - ھوشى جايىدا، يېرىمى ساراڭلاردىن ئىكەن. ئەقىل - ھوشى جايىدا كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى مۇتلەق توغرا بولۇپ، توغرا بولسا توغرا، خاتا بولسا خاتا دەيدىكەن. لېكىن، ساراڭلار ئاق - قارىنى پۈتۈنلەي ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىپ، خاتانى توغرا، توغرىنى خاتا دەپ قارايدىكەن. ئۇلار ساراڭ بولغاچقا قەستەنلىك يوق، ئەلۋەتتە.

ئەگەر شۇ يەردىكى كىشلەردىن بىرى: مېنىڭ ئەقىل - ھوشۇم جايىدا دېسە، ئەلۋەتتە بۇ سۆزگە ئاساسەن سىز ئۇنىڭ ئەقىل - ھوشى جايىدا كىشى ياكى ساراڭ ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالمايسىز. لېكىن ئۇ، مېنىڭچە، «ئەقىل - ھوشۇم جايىدا كىشى» دېسە، سىز يەنىلا ھۆكۈم قىلالمايسىز؟

## ئەلى بابا ئۆتكەلدىن قانداق ئۆتكەن

ئەلى بابا ئۆڭكۈردىكى بايلىقنى تاپقانلىقى ھەم قاراقچىلارنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن نامى پۇر كېتىپتۇ. ئۇ بىر قىسىم بايلىقنى ئۆزىگە ئېپقالغاندىن سىرت، قالغىنىنىڭ ھەممىسىنى پۇقرالارغا بۆلۈپ بېرىپتۇ. ئەلى بابانىڭ يېزىدىكى ئىناۋىتى كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈپ، كۆپ ساندىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغاپتۇ. ئۇلار ھەر

خىل ئاماللار بىلەن ئەلى بابانى يوقاتماقچى بوپتۇ.

ئاقسۆڭەكلەر ئالدىنقى قېتىم قېچىپ كەتكەن ئىككى قاراقچىنى تېپىپلا ئۇلارنى ئۆيىدە بېقىپتۇ ۋە ئاددىي كىشىلەردەك ياساندۇرۇپتۇ. ئۇلار دائىم ئادەم كۆپ سورۇنلارغا بېرىپ ئەلى بابانىڭ ئىز - دېرىكىنى قىپتۇ.

ئەلى بابا بۇ ئەھۋاللاردىن قىلچە خەۋەرسىز بولۇپ، بىر قېتىم بازاردا بالىسىنى يېتىلەپ، ئايال غوجدار مەجىنە بىلەن نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىۋاتقاندا، مەجىنە ئۇ ئىككى قاراقچىنى تونۇپ قاپتۇ -دە، ئەلى بابانى ئاگاھلاندۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا، قاراقچىلارمۇ ئۇلارنى بايقاپ قاپتۇ. بىردەمدىلا بازار قالايمىقان بولۇپ، ئەلى بابا بالىسىنى يېتىلەپ مەجىنە بىلەن كىشىلەر توپىدىن بۆسۈپ چىقىپتۇ. قاراقچىلار ئىز بېسىپ قوغلاپتۇ.

ئەلى بابا قېچىۋېرىپ بىر قاراۋۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. دەرۋازا چىڭ تاقالغان بولۇپ، ئىنتىرىپمۇ ئاچالماپتۇ. ئۇلار ئۈمىدىنى ئۈزۈپ تۇرغاندا، ئىشىكتە بىر دۇمباقنىڭ بارلىقىنى بايقاپتۇ. دۇمباقتا تۆت تۆشۈك بولۇپ (كۋادرات شەكلىنى تۈزگەن تۆت نۇقتا)، يېنىغا: ھەربىر تۆشۈكتە بىر دانە «يۇقىرى»، «تۆۋەن» ئىككى خىل ھالەتتىكى ۋىكليۇچاتېل بار. ئەگەر خالىغان ئىككى ۋىكليۇچاتېلنىڭ ھالىتى تامامەن ئوخشاش بولغاندا، ئىشىك ئېچىلىدۇ، دېگەن قائىدە يېزىلغانىكەن. بۇنىڭ بىلەن ئەلى بابامۇ خەتەردىن قۇتۇلىدىكەن. لېكىن، چاتاق بولغىنى ۋىكليۇچاتېلنىڭ ھالىتىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىكەن. پەقەت بارماقنى تۆشۈككە سالغاندىلا، ئاندىن ۋىكليۇچاتېلنىڭ ھالىتىنى سېزىمغا ئاساسەن بىلگىلى بولىدىكەن ھەمدە ھەر قېتىم ئىككى بارماقنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىرلا ۋاقىتتا تۆشۈككە سېلىش لازىم ئىكەن. ۋىكليۇچاتېلنىڭ ھالىتىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ خالىغىنى بويىچە ئۆزگەرتسە ياكى ئۆزگەرتمىسىمۇ بولىدىكەن. لېكىن، ھەرقېتىم مۇشۇنداق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، دۇمباق ئۇچقاندەك ئايلىنىپ توختىغاندا باياتىن قايسى ئىككى ۋىكليۇتېلنى مىدىرلاتقىنىنى ئۇققىلى بولمايدىكەن.

مېڭىشقا يول قالمىغان مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە، مەجىنە ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ئاجايىپ بىر ئامالنى ئويلاپ چىقىپ بۇ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىپتۇ. ئۇنىڭ ئامالىغا ئاساسەن، بارماقنى ئەڭ كۆپ بولغاندا بەش قېتىملا سېلىپ بۇ تۆت ۋىكليۇتېلنىڭ ھالىتىنى بىر خىل قىلغىلى بولىدىكەن. كىچىك دوست، مەجىنەنىڭ قانداق ياخشى ئامال تاپقانلىقىنى بىلەمسىز؟





## دەريادىن ئۆتۈش

بىر ئەترەت جەڭچىلەر ھەربىي يۈرۈش قىلىۋاتقان يولدا بىر چوڭ دەرياغا كېلىپ توختاپ قاپتۇ. دەريا سۈيى ناھايىتى چوڭقۇر ھەم دەريادا كۆۋرۈك يوق ئىكەن. جەڭچىلەرمۇ سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىكەن. كۆپچىلىك تازا تىت ـ تىت بولۇپ تۇرغاندا، يىراقتىن بىرى كۆرۈنۈپتۇ. كېمىدە ئىككى بالا بار ئىكەن. لېكىن، كېمە ناھايىتى كىچىك بولۇپ، پەقەت ئىككى كىچىك بالا ياكى بىر جەڭچى پاتىدىكەن، بولمىسا كېمە چۆكۈپ كېتىدىكەن. قانداق قىلىش كېرەك؟ جەڭچىلەر ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، ئەپچىل بىر ئامال تېپىپ ئەترەتتىكى جەڭچىلەرنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپتۇ.

جەڭچىلەر قانداق ئامال ئىشلەتكەن؟

## قىزىقارلىق تەڭلىك

تۆۋەندىكى تەڭلىمىدە ئوڭ ـ سول ئىككى تەرەپ تەڭ ئەمەس:

88888888＝1000

لېكىن، پەقەت سول تەرەپكە بىر ھېسابلاش بەلگىسىنى قوشۇش ئارقىلىقلا بۇ تەڭلىمىنى تەڭلەشتۈرگىلى بولىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، قانداق قىلىش كېرەك؟

## قانداق چېكىت ئۇرۇش كېرەك

بىر پىشقەدەم ئوقۇتقۇچى بولۇپ، يا ئوغلى، يا قىزى يوق ئىكەن. لېكىن، كۆيۈمچان ئىككى ئوقۇغۇچىسى بار ئىكەن. ئۇ بىرىنى ئېلىپ قېلىپ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا

ۋارىسلىق قىلدۇرماقچى بوپتۇ. لېكىن، ئىككىلى ئوقۇغۇچىسى ناھايىتى ساداقەتمەن ۋە تىرىشچان ئىكەن. قايسىسىنى تاللىشى كېرەك؟ ئۇ ئاخىر بىر ياخشى ئامال ئويلاپ چىقىپتۇ: ئىككى دانە ئوخشاش قېلىنلىقتىكى كىتاب ۋە ئىككى تال قەلەم ئېلىپ، كىتابنىڭ ھەربىر بېتىگە بىردىن چېكىت ئۇرۇشنى، بىر بەتنىڭمۇ كەم بولۇپ قالماسلىقنى بۇيرۇپتۇ ھەمدە كىم بۇرۇن چېكىت ئۇرۇپ بولسا، شۇنى ئېلىپ قالىدىغانلىقنى ئېيتىپتۇ.

ئەگەر سىز بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى بولسىڭىز، بۇ نەتىجىگە ئېرىشىشتە قانداق ئامالىڭىز بار؟

## ئۈچ ئادەمنىڭ قايسىسى ئەقىللىق

ئۈچ ياش بەس - مۇنازىرە قىلىپ، ھەممىسى ئۆزىنى ئەقىللىق دەپتۇ. قوشنا بوۋاي:

— تالاشماڭلار، بىز بىر تەجرىبە ئىشلەپ كىمنىڭ ئەڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز، — دەپتۇ ھەمدە سۆزلەۋېتىپ، ئۈچى قارا، ئىككىسى ئاق بەش دانە دوپپىنى ئەكەپتۇ. ئۇلارغا كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن، كۆزىنى يۇمۇشنى بۇيرۇپ، ھەربىرىگە بىردىن قارا دوپپىنى كىيدۈرۈپ قويۇپ، ئىككى دانە ئاق دوپپىنى يانچۇقىغا سېلىۋاپتۇ، ئاندىن:

— ئەمدى كۆزۈڭلارنى ئاچساڭلار بولىدۇ، ئەگەر كىم ئۆزىنىڭ بېشىدىكى دوپپىنىڭ قانداق رەڭدە ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەلىسە، شۇ ئەڭ ئەقىللىق، — دەپتۇ.

ئۈچ ياش ئۆزئارا قارىشىپ، ھەممىسى دېلىغۇل بولۇپ قاپتۇ. ئاخىر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ۋارقىراپ:

— مېنىڭ بېشىمدىكى دوپپا قارا رەڭلىك، — دەپتۇ.

سىز بۇ ياشنىڭ نېمىگە ئاساسەن، ئۆزىنىڭ بېشىدىكى دوپپىنىڭ قارا رەڭدە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغانلىقنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟



## كەمپۈتنى تېپىش



بىر پېشقەدەم تەتقىقاتچىنىڭ ئىككى ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەقىللىكرەك بىرىنى تاللاپ سىرتقا ئوقۇشقا چىقارماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىغا:

— بۇ يەردە ئۈچ تال كەمپۈت بار. ئىككى تېلى يۇمشاق، بىر تېلى قاتتىق. مەن سىلەرگە بىردىن بۆلۈپ بېرىمەن. ئۆزۈمگە بىر تال ئېلىپ قالىمەن. سىلەر ئۆزۈڭلەرنىڭ قولىدىكى كەمپۈتكە ئاساسەن، قارشى تەرەپنىڭ قولىدىكى قانداق كەمپۈت ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىپ چىقىڭلار، — دەپتۇ.

ئىككى ئوقۇغۇچى كەمپۈتنى ئېلىپ، دەسلەپتە ھاڭۋېقىپ قاپتۇ. كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئوقۇغۇچى:

— مەن تاپتىم، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ تەتقىقاتچى ئۇ ئوقۇغۇچىنى تاللاپتۇ.

بۇ ئوقۇغۇچى قارشى تەرەپنىڭ قولىدىكى كەمپۈتكە قانداق ھۆكۈم قىلغان؟

## قىزنىڭ خاتالىقى

ئاتىسى قىزىغا تېلېفون بېرىپ، ئۆزىگە ئازراق تۇرمۇش بۇيۇملىرى سېتىۋېلىشنى بۇيرۇپتۇ ھەمدە پۇلنى شىرە ئۈستىدىكى كونۋېرت ئىچىدە قويۇپ قويغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قىزى كونۋېرتنى تېپىپ، ئۈستىگە 98 دېگەن خەتنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ، كونۋېرت ئىچىدە 98 يۈەن بار ئوخشايدۇ دەپ قاراپ، پۇلنىمۇ سانىماستىن سومكىسىغا ساپتۇ.

ئۇ ماگىزىندىن 90 يۈەنلىك نەرسە سېتىۋېلىپ، پۇل تۆلەيدىغان چاغدا سەككىز يۈەن ئېشىپ قالماستىن، بەلكى تۆت يۈەن كەم چىقىپتۇ.

ئۇ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، بۇ ئىشنى ئاتىسىغا ئېيتىپتۇ ۋە ئاتىسىنىڭ پۇلنى خاتا سانىغانلىقىدىن گۇمانلىنىپتۇ. ئاتىسى كۇلۇپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ خاتا ساناپ قويمىغانلىقىنى، خاتالىقنىڭ قىزدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

ئويلاپ بېقىڭ، قىز قەيەردە خاتالاشقان؟

## ئەمانىڭ پايپاق بۆلۈشۈشى

ئىككى ئەمانىڭ پۈت ئۆلچىمى ئوخشاش بولۇپ، بىرلىكتە ماگىزىندىن بىر جۈپ قارا، بىر جۈپ كۆك پايپاق سېتىۋاپتۇ. كۆك، قارا پايپاقنىڭ رەختى، ئۆلچىمى، ماركىسى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭكىنى ئايرىم - ئايرىم قەغەزگە ئوراپ، بىر سومكىغا ساپتۇ. ئۆيگە قايتىپ ئايرىلىدىغان چاغدا، قەغەز بولىقىنىڭ يىرتىلىپ كېتىپ، پايپاقنىڭ ئارىلىشىپ كەتكىنىنى، پەقەت ماركىسىنىڭ ساق، ھەر ئىككى پايپاقنىڭ چىگىلىك ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. ئىككى ئەما ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، پايپاق بۆلۈشۈشنىڭ بىر ياخشى ئامالىنى تېپىپ چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەربىر ئادەم بىر جۈپ قارا پايپاق ۋە بىر جۈپ كۆك پايپاق ئېلىپ ئۆيگە قايتىپتۇ.

ئۇلارنىڭ قانداق ئامال ئويلاپ چىققىنىنى بىلەمسىز؟

## ياش ھېسابلاش

ئۆزىنى «موللا تاپقاق» دەپ ئاتىۋالغان بىر ئادەم:

— باشقىلارنىڭ يېشى ۋە تۇغۇلغان ئاي، كۈنىنى ھېسابلاپ چىقالايمەن، — دەيدىكەن.

بىر قېتىم بىر ئوقۇغۇچى ئۇنىڭغا:

— مەن قانچە ياشقا كىردىم. نەچچىنچى ئايدا تۇغۇلغان، — دەپتۇ. موللا تاپقاق:

— يېشىڭىزنى بەشكە كۆپەيتىپ، ئالتىگە قوشۇپ، ئاندىن 20 گە كۆپەيتىپ، تۇ-



غۇلغان ئېيىڭىزنى قوشۇپ، ئاخىرىدا 365 نى ئېلىۋېتىپ، چىققان جاۋابنى ماڭا ئېيتىپ
بېرىڭ. مەن يېشىڭىزنى ۋە تۇغۇلغان ئېيىڭىزنى ھېسابلاپ چىقالايمەن، ــ دەپتۇ.
بۇ ئوقۇغۇچى ئاززاق ئويلىنىۋېلىپ: «1262 بولىدىكەن» دەپتۇ.
موللا تاپقاق ئاززاق ئويلىنىۋېلىپ: «سىز بۇ يىل 15 ياش. 7- ئايدا تۇغۇل-
غان» دەپتۇ. بۇ ئوقۇغۇچى توختىماي باش لىڭشىتىپتۇ. نەتىجىدە، موللا تاپقا مۇشۇ
ئۇسۇل بويىچە باشقا بىرنەچچە ئادەمنىڭ يېشىنى توغرا ھېسابلاپ چىقىپتۇ.
سىز موللا تاپقاقنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرەلەمسىز؟



## مۈشۈكنىڭ چاشقان قوغلىشى

بىر مۈشۈك بىر چاشقاننى قوغلاپ يېتىشۋالاي دېگەندە، چاشقان چەمبەر شە-
كىللىك كۆلچەككە سەكرەپ چۈشۈۋاپتۇ. مۈشۈك چاشقانغا تىكىلىپ تۇرۇپ، كۆلچەك-
نىڭ يېنى بىلەن چاشقان ئۈزۈپ بارغان تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ ۋە چاشقان چىق-
قان ھامان تۇتۇۋېلىشنى ئويلاپتۇ.
مۈشۈكنىڭ يۈگۈرۈش تېزلىكى چاشقاننىڭ سۇ ئۈزۈش تېزلىكىدىن ئۈچ ھەسسە
تېز بولسا، ئويلاپ بېقىڭ، چاشقاننىڭ قېچىپ كېتىش ئىمكانىيىتى بارمۇ؟

## چوڭقۇر جىلغىدىن قۇتۇلۇش

ئىككى نەپەر قېدىرىپ تەكشۈرگۈچى ئىلگىرى - كېيىن ئارغامچا شوتا بىلەن
چوڭقۇر جىلغىغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار ئەمدى تاغ جىنسلىرىنى ئىزدەيلى دەپ تۇرغاندا،
تۇيۇقسىز جىلغا ئاستىدىن يەر ئاستى سۈيى ئېتىلىپ چىقىشقا باشلاپتۇ. سۇ ناھايىتى
شىددەتلىك بولۇپ، بىردەمدىلا ئۇلارنىڭ بېلىگە كەپتۇ. ئۇلار سۇ ئۈزۈشنى بىلمە-
گەچكە، دەرھال شوتىغا يامىشىپ جىلغىدىن چىقىۋالمىسا بولمايدىكەن. ئۇلارنىڭ
ئىشلەتكەن ئارغامچا شوتىسى پەقەت 250 جىڭ يۈك كۆتۈرەلەيدىغان بولۇپ،

ئۇلارنىڭ ئىبغىرلىقى ھەربىرىنىڭ 140 جىڭ ئەتراپىدا ئىكەن. ئەگەر ئۇلار تەڭلا شوتىغا ياماشسا شوتا كۆتۈرەلمەي ئۈزۈلۈپ كېتىدىكەن. بىردىن ـ بىردىن چىقسا ۋاقىت يار بەرمەيدىكەن. ئۇلار ئالدىراشلىق ئىچىدە ئەقىل تېپىپ ئاخىر ئامان ـ ئىسەن جىلغىدىن چىقىۋاپتۇ.

ئۇلارنىڭ خەتەردىن قانداق قۇتۇلۇپ، جىلغىدىن چىقىۋالغىنىنى بىلەمسىز؟

## لامپۇچكىنىڭ ھەجمى

ئۇلۇغ كەشپىياتچى ئېدىسون ياش ۋاقتىدا يېڭىدىن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئاپورەن ئىسىملىك بىرى بىلەن خىزمەت قىلىدىكەن. ئاپورەن ئۆزىنى داڭلىق ئالىي مەكتەپ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى دەپ قاراپ ناھايىتى پەخىرلىنىدىكەن ۋە دائىم ئېدىسونغا ئۆزىنىڭ بىلىمىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىكەن. ئېدىسون ئۇنى بىۋاستە تەنقىدلەشنى خالىماي، بىر ئامۇت شەكىللىك لامپۇچكىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ھەجمىنى ھېسابلاپ بېقىشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئاپورەن دەرھال بىر مېتىر (رولېتكا)نى تېپىپ كېلىپ ئۆلچەشكە باشلاپتۇ.

لېكىن، لامپۇچكىنىڭ شەكلى يا يۇمىلاق، يا ئېللىپس شەكىللىك بولمىغاچقا، ئۇ مېتىر بىلەن ئوڭ ـ سولدىن خېلى ئۇزاققىچە ئۆلچەپ نۇرغۇن سانلارنى يېزىپ، نۇرغۇن ھېسابلاش ئىپادىلىرىنى يېزىپتۇ.

بىرنەچچە سائەت ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئاپورەن تېخىچە باش چۆكۈرۈپ ھېسابلاۋېرىپتۇ. ئېدىسون پەقەت چىداپ تۇرالماي، ئاخىر لامپۇچكىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا لامپۇچكا ھەجمىنى ھېسابلاشنىڭ ناھايىتى ئاددىي ئۇسۇلىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئاپورەن شۇ چاغدىلا ئۆزى ئىككى سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېشەلمىگەن مەسىلىنىڭ ئېدىسون ئۈچۈن شۇنچە ئاددىي ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ ھەمدە ھەقىقىي تالانتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەندەك بوپتۇ.



كىچىك دوست، لامپۇچكا ھەجمىنى ھېسابلاشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟



## يۈك ئاپتوموبىلى

بۇ ۋەقە ناھايىتى نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى يۈز بەرگەن. ئەينى چاغدا، مەلۇم بىر يۈك ئاپتوموبىلى شوپۇرى ساقچىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئاپتوموبىلنى توختاتقان، ساقچى ئاپتوموبىلغا يۈكنىڭ ئۆلچەمدىن ئارتۇق بېسىلغان ـ بېسىلمىغانلىقىنى تەكشۈرمەكچى بولغان. شوپۇر ئاپتوموبىلنى گىرنىڭ ئۈستىگە ھەيدەپ كەلگەندىن كېيىن، كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، بىر تال تاياق بىلەن كوزۇپنىڭ بىر يېنىغا ئۇرۇشقا باشلىغان. چەتتە قاراپ تۇرغانلاردىن بىرى چۈشىنەلمەي ئۇنىڭدىن نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغان.

— بۇ مۇنداق ئىش، — ئۇ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن، — ئاپتوموبىلىمغا 2000 كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى سېرىق قۇشقاچلار بېسىلغان، ماشىنا ناھايىتى ئېنىقكى، ئاپتوموبىلىمدىكى يۈك ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتتى، ئەگەر مەن قۇشقاچلارنى ئۈركۈتۈپ كوزۇپنىڭ ئىچىدە ئۇچۇرتىدىغان بولسام، ئۇ ھالدا تارازىدا ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقى ھېسابلانمايدۇ ئەمەسمۇ.

ئېيتىپ بېقىڭا، شوپۇرنىڭ دېگەنلىرى توغرىمۇ؟ ئەگەر ئاپتوموبىلدىكى قۇشقاچلار ئۇچۇش ھالىتىنى ساقلاپ تۇرسا، ئۇ ھالدا ئاپتوموبىلنىڭ ئېغىرلىقى راستىنلا قۇشقاچلار ئاپتوموبىلغا قونۇپ تۇرغان چاغدىكى ئېغىرلىقىدىن يېنىك بولامدۇ؟

## كۆنلەمچى ئەر

ئۈچ كۆنلەمچى ئەر خوتۇنلىرىنى ئېلىپ بىللە ساياھەتكە چىققاندا، دەريادىن ئۆتىدىغان كېمىگە پەقەت ئىككىلا ئادەمنىڭ سىغدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. ھەربىر ئەر ئۆز خوتۇنىنىڭ باشقا بىر ئەر بىلەن بىللە كېمىگە ئولتۇرۇپ دەريادىن ئۆتۈشىنى خالىمايدىكەن؛ شۇنداقلا ئۇلار يەنە خوتۇنىنىڭ يالغۇز ھالدا باشقا ئەرلەر بىلەن بىللە

دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدا تۇرۇشىنىمۇ خالىمايدىكەن.

ئۇنداقتا، قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك؟ كېمىگە گەرچە پەقەت ئىككىلا ئادەم سىغدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن كېمىنى ھەيدەپ قايتىپ كېلىشى لازىملىقىنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك.

## ۋېلسىپىت

بۇ ۋەقە ۋېلسىپىت ئەمدىلا بارلىققا كەلگەن چاغلاردا يۈز بەرگەن. بىر كۈنى، بېتتى بىلەن پاركستېر ۋېلسىپىتلىك 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېزىغا بېرىپ كىچىك ئاپىسىنى يوقلاپ كەلمەكچى بولغان. تۆت كىلومېتىر ماڭغاندا، بېتتىنىڭ ۋېلسىپىتىدىن كاشىلا چىققاچقا، ۋېلسىپىتنى ئامالسىز زەنجىر بىلەن دەرەخكە باغلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۇلار ناھايىتى ئالدىرايدىغانلىقى ئۈچۈن داۋاملىق تېزرەك ئالغا قاراپ مېڭىشنى قارار قىلغان. ئۇلار يا ھەر ئىككىلىسى پىيادە مېڭىش، يا بىرەيلەن پىيادە مېڭىپ، يەنە بىرەيلەن ۋېلسىپىت مىنىپ مېڭىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل تاللاشقا دۇچ كەلگەن. ئۇلار سائىتىگە تۆت كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن پىيادە مېڭىشى ياكى سائىتىگە سەككىز كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن ۋېلسىپىتلىك مېڭىشى كېرەك. ئۇلار بىر پىلان تۈزۈشتى، يەنى پىيادە مېڭىشنى ئەڭ قىسقا ئارىلىقتا ساقلاپ قالغان ئەھۋالدا، ئەڭ قىسقا ۋاقىتتا كىچىك ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە تەڭلا يېتىپ بېرىشنى قارار قىلغان. ئۇنداقتا، ئۇلار پىيادە مېڭىش بىلەن ۋېلسىپىتلىك مېڭىشنى قانداق ئورۇنلاشتۇرغان؟



## مەن ئۇنىڭ ئانىسى ئەمەس

ئۈچەيلەن بىللە كېتىۋېتىپ ئۈچىنچى كىشى: «ئىككىنچى كىشى بىرىنچى كىشىنىڭ قىزى» دەپتۇ، لېكىن بىرىنچى كىشى: «مەن ئىككىنچى كىشىنىڭ ئانىسى ئەمەس» دەپتۇ.

كىچىك دوست، سىز بۇنىڭ قانداق گەپ ئىكەنلىكىنى ئويلاپ چىقالامسىز؟

## تاشپاقىنىڭ ئورىدىن چىقىشى



بىر تاشپاقا بالىسى 15 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى ئورىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئۇ ئورىدىن چىقىپ ئانىسىنى تېپىش ئۈچۈن ھەر كۈنى يۇقىرىغا قاراپ ئۆمىلەيدىكەن، لېكىن ھەر كۈنى تەسلىكتە بەش مېتىر يامىشىپ چىقسا، ئاخشامدا پەسكە تۆت مېتىر سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىدىكەن. كىچىك دوست، سىز ئۇنىڭ قانچە كۈندە ئورىدىن چىقىپ ئانىسىنى تاپالايدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقالامسىز؟

## باغچىغا قانچە ئادەم بىللە بارىدۇ

«1-ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنىڭ ھارپا ئاخشىمى دادىسى ئوغلىغا: «ئەتە بىز ھايۋانات باغچىسىغا بارىمىز» دەپتۇ. ئوغلى دادىسىدىن: «كىم - كىملەر بارىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. دادىسى: «بوۋاڭنىڭ بىر ئوغلى، تاغاڭنىڭ ئاكىسى، موماڭنىڭ يالغۇز قىزى، تاغاڭنىڭ ئاچىسى، يەنە سەن ۋە داداڭ بارىدۇ» دەپتۇ. ئوغلى بىرھازا ئويلىنىپ، خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كېتىپتۇ.

كىچىك دوست، سىز باغچىغا قانچە ئادەمنىڭ بىللە بارىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

## دادا بىلەن ئوغۇلنىڭ ياۋا توشقىنى

ئىككى دادا بىلەن ئىككى ئوغۇل ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىپ، ھەربىرى ئىككىدىن ياۋا توشقان ئوۋلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار جەمئىي ئالتە توشقان ئوۋلاپتۇ.

كىچىك دوست، سىز بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلەمسىز؟

## قانچە بېلىق تۇتقان

بىر بالا دەريا بويىدا بېلىق تۇتۇپتۇ، دادىسى كېلىپ ئۇنىڭدىن:

— بالام، بۈگۈن قانچە بېلىق تۇتتۇڭ؟— دەپ سوراپتۇ.

بالىسى شوخلۇق قىلىپ:

— دادا، ناھايىتى جىق، ئالتە باشسىز بېلىق، سەككىز يېرىم - يارتا بېلىق، توققۇز قۇيرۇقسىز بېلىق تۇتتۇم، دادا، ھېسابلاپ باققىنا، جەمئىي قانچە بولىدىكەن؟— دەپتۇ.

كىچىك دوست، قېنى ھېسابلاپ بېقىڭ، بۇ بالا قانچە بېلىق تۇتقاندۇ؟

## 18 قەۋەتلىك بىنادىن يىقىلىپ ساق قالغان ئادەم

بىر ئادەم 18 قەۋەتلىك بىنانىڭ دېرىزىسىدىن چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يارىلانماپتۇ.

كىچىك دوست، بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلەمسىز؟

## كاماردىكى تېنىس توپنى قانداق ئېلىش كېرەك

«ئا»، «ب» ئىككى ئوقۇغۇچى تېنىس توپ ئويناۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن تېنىس توپ چوڭقۇر بىر كامارغا كىرىپ كېتىپتۇ. كامارنىڭ ئاغزىنىڭ دىيامېتىرى تېنىس توپتىن ئانچە چوڭ ئەمەس ئىكەن، بۇ ئىككى بالا قولىنى تىقىپ توپنى ئالالماپتۇ. سېمونت قۇيۇۋېتىلگەن يەردىكى كامار بولغاچقا، كولاشقىمۇ ئامال يوق ئىكەن.

كىچىك دوست، سىز ئۇلارنىڭ ئامال تېپىشىغا ياردەم بېرىپ، تېنىس توپنى ئالالامسىز؟





## دادا بىلەن بالىنىڭ تېپىشماق ئېيتىشىشى

دادا ـ بالا ئىككىيلەن تېپىشماق ئېيتىشىشتا بەسلىشىپ قاپتۇ. بالىسى دادىسىغا بىر تېپىشماق ئېيتىپتۇ: «ئولتۇرسىمۇ ئولتۇرىدۇ، ياتسىمۇ ئولتۇرىدۇ. قوپسىمۇ ئولتۇرىدۇ، ماڭسىمۇ ئولتۇرىدۇ، ئۇ قايسى ھايۋان؟». دادىسى بۇ تېپىشماقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تېپىشماقنى يەشمەستىن، ئەكسىچە ئۇنىڭغا بىر تېپىشماق دەپتۇ: «ئولتۇرسىمۇ ياتىدۇ، قوپسىمۇ ياتىدۇ، ماڭسىمۇ ياتىدۇ، ياتسىمۇ ياتىدۇ، ئۇ قايسى ھايۋان». بالىسى خېلى ئۇزاق ئويلىغان بولسىمۇ، تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تاپالماي دادىسىغا ئۇتتۇرۇپ قويۇپتۇ. دادىسى: «مېنىڭ تېپىشمىقىمنىڭ جاۋابى سېنىڭ تېپىشمىقىڭنىڭ جاۋابىنى يەۋەتتى» دېگەندىن كېيىنلا، بالىسى ئاندىن چۈشىنىپتۇ.

كىچىك دوست، بۇ ئىككى تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى بىلەمسىز؟

## نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ پادىشاھنى گوللىشى

نەسرىدىن ئەپەندى رىۋايەتلەردىكى پاراسەتلىك شەخس. بىر كۈنى ھاكاۋۇر پادىشاھ يولدا كېتىۋېتىپ، نەسرىدىن ئەپەندىگە ئۇچرىشىپ قاپتۇ ـ دە: «ئەپەندىم، كىشىلەردىن سىلىنى بەك ئەقىللىك، ئادەم گوللاشقا ئۇستا، دەپ ئاڭلىدىم، خوش، بۈگۈن سىلى مېنى تەختىراۋاندىن چۈشۈرەلىسىلە، سىلىگە قول قويىمەن، ئەگەر چۈشۈرەلمىسىلە، چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىمەن» دەپتۇ. نەسرىدىن ئەپەندى بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويۇپ، بىر ھىيلە ئويلاپ چىقىپتۇ ـ دە، دېگەندەك پادىشاھنى تەختىراۋاندىن چۈشۈرۈپتۇ.

كىچىك دوست، سىز نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ پادىشاھنى قانداق گوللىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

## ئەقىللىك دېھقان

قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن بىر پادىشاھ: «كىم بىر خىل بىمەنە ئىشنى سۆزلەپ،
ئۇنىڭ يالغان گەپ ئىكەنلىكىگە مېنى قايىل قىلدۇرالىسا، شۇ كىشىگە يۇرتنىڭ يېرى-
منى بۆلۈپ بېرىمەن» دەپ جاكارلاپتۇ. بىر ئەمەلدار پادىشاھقا: «مەندە بىر شەھ-
شەر بار، ئاسمانغا قارىتىپ ئاتسام يۇلتۇز يەرگە چۈشىدۇ» دەپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپ-
نى: «بۇ گېپىڭ ھەيران قالارلىق ئەمەسكەن، مېنىڭ بوۋامنىڭ بىر غاڭزىسى بار ئە-
دى، بىر ئۇچىنى چىشلەپ، بىر ئۇچىنى قۇياشقا تەگكۈزۈپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇراتت-
تى» دەپتۇ. ئەمەلدار بېشىنى تاتىلىغىنىچە كېتىپ قاپتۇ. بىر پومېشچىك كېلىپ پادى-
شاھقا: «مەن چاقماقنىڭ ئاسماننى تېشىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئالدىراشلىق بىلەن
كىيىم تىككۈچى چاقىرىپ كەلگەنىدىم، ئاسماننى ئاران يامىدى» دەپتۇ. پادىشاھ
كەينىدىنلا: «توغرا قىپسەن، بىراق كىيىم تىككۈچى ئاسماننى تۈزۈك يامىيالماپتۇ.
بۈگۈن ئەتىگەن يەنە يامغۇر ياغدى» دەپتۇ. پومېشچىكمۇ پادىشاھنىڭ ئالدىدىن
چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. بىر دېھقان كۈرە كۆتۈرۈپ كېلىپ، پادىشاھقا: «ئا-
لىيلىرى، سىلى ماڭا بىر كۈرە ئالتۇن قەرزدار ئىدىلە، قايتۇرۇپ بەرسىلە ئىكەن»
دەپتۇ. پادىشاھ ئامالسىز ئۇنىڭغا بىر كۈرە ئالتۇن بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

كىچىك دوست، سىز دېھقانىنىڭ قانداق قىلىپ پادىشاھنىڭ ئالتۇنىنى قولغا كەل-
تۈرگەنلىكىنى بىلەمسىز؟



## تۇرمۇشقا دائىر ساۋاتقا تېز جاۋاب بېرىش

تۆۋەندىكى ئالتە سوئالنىڭ ھەممىسى تۇرمۇشقا دائىر ساۋاتلار بولۇپ، بۇلارغا
بىر مىنۇت ئىچىدە توغرا جاۋاب بېرىڭ:

1. تومۇزغا بىلەن شەپەرەڭنىڭ قايسىسى زىيانداش ھاشارات؟ قايسىسى ئىنسان-

يەتكە پايدىلىق؟

2. پاخالدا توقۇلغان بورىدا ئۇخلىسا سالقىن بولامدۇ ياكى بامبۇك بورىدا ئۇخلىسا سالقىن بولامدۇ؟

3. ياز كۈنلىرى تۇرۇبا سۈيى سوغۇق بولامدۇ ياكى قۇدۇق سۈيىمۇ؟

4. تار كوچىدىكى شامال كۈچلۈك بولامدۇ ياكى باغدىكىمۇ؟

5. ياز كۈنلىرى قارا كىيىم كىيسە سالقىن بولامدۇ ياكى ئاق كىيىم كىيسە؟

6. چاتاقلىرى پىچاق بىلەن كېسىۋېتىلگەن دەرەخ ئاسان قۇرۇپ قالامدۇ ياكى قوۋزىقى چۆرگىلىتىپ سويۇۋېتىلگەن دەرەخ ئاسان قۇرۇپ قالامدۇ؟



## دېھقاننىڭ دەريادىن ئۆتۈشى

دانىشمەن بوۋاي نەۋرىسىگە ھېكايە سۆزلەپ بېرىپ: بىر دېھقان بىر ئىت، بىر توخۇ ۋە بىر تاغار گۆرۈچ ئېلىپ دەريادىن ئۆتمەكچى بوپتۇ. لېكىن، كېمە ئىنتايىن كىچىك بولغاچقا، ھەر قېتىمدا پەقەت ئېلىۋالغان ئىت، توخۇ ۋە بىر تاغار گۆرۈچنىڭ بىرىنىلا ئېلىپ ئۆتەلەيدىكەن، باشنى قاتۇرىدىغىنى شۇكى، دېھقان ئىت بىلەن توخۇنىڭ قېشىدا بولمىغاندا ئىت توخۇنى، توخۇ گۆرۈچنى يەۋالىدىكەن. بۇ دېھقان ئۇزاق ئويلىنىپ، ئاخىر ھېچنىمىنى زىيانغا ئۇچراتماي دەريادىن ئۆتۈۋاپتۇ، دەپ گېپىنى تۈگىتىپلا، نەۋرىسىدىن: خوش، دېھقان قانداق قىلىپ بۇ ئۈچ خىل نەرسىنىڭ بىرىنىمۇ زىيانغا ئۇچراتماي دەريادىن ئۆتكۈزگەندۇ؟ دەپ سوراپتۇ.

كىچىك دوست، سىز دانىشمەن بوۋاينىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب بېرەلەمسىز؟

## كۆۋرۈكتىن پەم بىلەن ئۆتۈش

بىر كۆۋرۈك بار بولۇپ، پىيادە ئۆتۈش ئۈچۈن ئاز دېگەندە ئۈچ مىنۇت كېتىدۇ. بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش مەنئى قىلىنغان بولغاچقا، كۆۋرۈك بېشىدىكى ئۆيدە

بىر ئەسكەر كۆۋرۈكنى ساقلاپ تۇراتتى. بۇ ئەسكەر ھەر ئىككى مىنۇتتا بىر قېتىم چىقىپ كۆۋرۈكنى چارلايدۇ. كۆۋرۈكتىن بىرەرسىنىڭ ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرسىلا، ئۇ كىشىنى قايتىپ كەت دەپ ۋارقىرايدۇ. بىر كۈنى، بىر ئەقىللىك بالا ياخشى بىر چارىنى ئويلاپ چىقىپ، بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپتۇ.

كىچىك دوست، سىز ئۇنىڭ چارىسىنى ئويلاپ تاپالامسىز؟

## بۇ قانداق شار

كىچىك دوست، سىز تەنتەربىيە ھەرىكىتىنى ياخشى كۆرەمسىز؟ ئەگەر سىز تەنتەربىيە ھەۋەسكارى بولمىسىڭىزمۇ تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرەلەمسىز؟

1. يۇقىرىغىلا ئۆرلەيدىغان، تۆۋەنگە چۈشمەيدىغان شار قايسى؟
2. ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياشلارنىڭ ھەممىسى ئايرىلالمايدىغان شار قايسى؟
3. ئۆزلۈكىدىن كىچىكلەۋېرىپ، ئاخىر پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىدىغان شار قايسى؟
4. قارىماققا يۇمىلاق ئەمەستەك كۆرۈنىدىغان شار قايسى؟

## كەپسىز مايمۇن

ھايۋانات باغچىسىدا ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى دورىيالايدىغان بىر مايمۇن بار بولۇپ، ئۇ ساياھەتچىلەرنىڭ قولى ۋە پۇتىدا قىلغان ھەرىكەتلىرىنى بەئەينى ئوخشىتىپ دورىيالايدىكەن. بىر ساياھەتچى مايمۇننىڭ قېشىغا كېلىپ ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ ئېڭىكىنى سىلىسا، مايمۇنمۇ دەرھال ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئېڭىكىنى سىلاپتۇ؛ ساياھەتچى سول كۆزىنى قىسىپ قويسا، مايمۇن سول كۆزىنى قىسىپتۇ، ساياھەتچى ئوڭ كۆزىنى قىسىپ قويسا، مايمۇن سول كۆزىنى ئېچىپ ئوڭ كۆزىنى



قىسسىپتۇ. ساياھەتچى ئاخىر تېرىكىپ ئاچچىقىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ. مايمۇننىڭ ئىگىسى كېلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ ساياھەتچىگە: «مايمۇن دورىمىسۇن دېسىڭىز، بۇ ئىنتايىن ئاسان، بۇنى كىچىك بالىلارمۇ ئويلاپ چىقالايدۇ» دەپتۇ.

كىچىك دوست، مايمۇننى دورىمايدىغان قىلىشقا ئامال تېپىپ چىقالامسىز؟

## چوكمۇز سېتىۋېلىش

ياز كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن ھاۋا ئىسسىپ كەتكەچكە، بىر ئوقۇغۇچى ھەم ئىسسىپ، ھەم ئۇسساپ كېتىپ، 5 ـ 6 تال چوكمۇز سېتىۋالماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭ ئۆيىدە توڭلاتقۇ ياكى كەڭ ئېغىزلىق چايدان بولمىغاچقا، چوكمۇزنى نېمىگە سالسام بولار دەپ ئويلاپ قاپتۇ. ئاچىسى ئۇنىڭغا بىر قۇرۇق لۆڭگىنى بېرىپ، چوكمۇزنى شۇنىڭغا يۆگەپ ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئىنىسى: چوكمۇز ئىسسىقتا ئاسان ئېرىپ كېتىدۇ، ئەڭ ياخشىسى لۆڭگىنى ھۆل قىلىۋېلىش كېرەك، دەپ ئويلاپ، لۆڭگىنى سۇغا چىلاپتۇ. ئاچىسى بۇنى كۆرگەندىن كېيىن: «ھۆل لۆڭگىگە چوكمۇز سالساق تېز ئېرىپ كېتىدۇ» دەپتۇ. ئىنىسى بۇ گەپكە قايىل بولمىسىمۇ، لېكىن ئاچىسىمۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بېرەلمەپتۇ.

كىچىك دوست، سىزنىڭچە زادى چوكمۇز ھۆل لۆڭگىدە تېز ئېرىپ كېتەمدۇ ياكى قۇرۇق لۆڭگىدە تېز ئېرىپ كېتەمدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟



## ئىككى خانىمنىڭ قىزىقارلىق ئىشلىرى

پويىزدا زامانغا لايىق كىيىنگەن ئىككى خانىم ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى تونۇمىغانلىقتىن، ھېچقايسىسى گەپ قىلمايتتى. پويىز تونېلدىن ئۆتكەندە، شامالنىڭ ئۇرۇشىدىن بولسا كېرەك، بىر خانىمنىڭ يۈزىگە بىر قەۋەت

ئىس قونۇپ قاپتۇ. يەنە بىر خانىمنىڭ يۈزى ئىلگىرىكىدەكلا تۇرۇپ، ئازراقمۇ چاڭ-توزاڭ قونماپتۇ. لېكىن، يۈزىگە چاڭ-توزان قونمىغان خانىم ئالدى بىلەن يۈزىنى يۇيۇپتۇ، يۈزى ئىس تارتىپ قالغان خانىم مىدىرلاپمۇ قويماستىن، ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋېرىپتۇ.

كىچىك دوست، ئىككى خانىمنىڭ بۇ ئاجايىپ ئىشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟

## توشقاننىڭ تاغدىن چۈشۈشى

يەكشەنبە كۈنى مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە شەھەر ئەتراپىدىكى تاغقا چىقىپ سەيلە قىلىشىپتۇ، بىر بۆجەننىڭ يۈگۈرگىنىچە تاغقا چىقىپ، يەنە يۈگۈرگىنىچە تاغدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلاردىن: «توشقان تاغقا چىققاندا تېز يۈگۈرەمدۇ ياكى تاغدىن چۈشكەندە تېز يۈگۈرەمدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سوراپتۇ. ئوقۇغۇچىلار بىر ھازا ئويلانغان بولسىمۇ مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەپتۇ.

كىچىك دوست، سىز ئۇلارنىڭ جاۋاب بېرىشىگە ياردەم بېرەلەمسىز؟

## توپنى قىرغاققا يېقىنلاشتۇرۇش

بىر ئوقۇغۇچى ئېھتىياتسىزلىقتىن توپنى كۆلگە چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ ئويلانغاندىن كېيىن، تاياقمۇ ئىشلەتمەي، سۇغىمۇ چۈشمەي توپنى قىرغاققا يېقىنلاشتۇرۇپتۇ.

كىچىك دوست، بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ قانداق قىلىپ توپنى قىرغاققا يېقىنلاشتۇرۇۋالغانلىقىنى بىلەمسىز؟



## نېمە سوۋغا قلغان؟

بىر ساياھەتچى ئايال ساياھەت يېتەكچىسگە:

— مەن بۇ شەھەرنى ساياھەت قلغاندا سىز ماڭا نۇرغۇن ياردەملەرنى بەردڭىز، مەن سىزگە بىر نەرسە سوۋغا قلسام بولاتتى، سىز نېمىنى ياخشى كۆرىسىز؟

— دەپ سوراپتۇ.

ساياھات يېتەكچىسى ناھايىتى ئاچ كۆز ئكەن، بىراق ئۇ ئوچۇق - ئاشكارا ئېيتالماي دۇدۇقلاپ:

— مەن ياسىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنداق بولسا ماڭا قۇلاققا، قولغا ياكى بويۇنغا ئشلەتسە بولىدىغان نەرسە بېرىڭ!— دەپتۇ.

ئەتىسى، ھېلىقى ساياھەتچى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ساياھەت يېتەكچىسى ئېيتقان نەرسىنى سوۋغا قىپتۇ.

قېنى كىچىك دوست، سىز تېپىپ بېقىڭ، ساياھەتچى قۇلاققا، قولغا ياكى بويۇنغا ئشلەتسە بولىدىغان قانداق نەرسە سوۋغا قلغان؟

## چارۋىچىلىق مەيدانىغا دائىر مەسىلە

گولاندىيەلىك ھانىس بىر سۈت ساغقۇچى ئايالنى ئۇچرىتىپتۇ. ھانىس بىر ئۆچكە بىلەن بىر غازنى ئېلىپ ماڭغانىكەن، سۈت ساغقۇچى ئايال ھانىسنىڭ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چىرقىراپ تاشلاپتۇ.

ھانىس: «نېمىدىن قورقۇپ كەتتىڭىز؟» دەپ سوراپتۇ.

سۈت ساغقۇچى ئايال: «سىزنىڭ مېنى سۆيۈۋېلىشىڭىزدىن قورقتۇم» دەپتۇ.

— ھانىس: «قولۇمدا ئۆچكىنى يېتىلىگەن، قولتۇقۇمدا يەنە بىر غاز تۇرسا، مەن قانداقسىگە ئۇنداق قىلالايمەن؟» دەپتۇ.

سۈت ساغقۇچى ئايال: «ئۇنداقتا سىز نېمىشقا ھاسىڭىزنى تاشلاپ، ئۆچكىڭىزنى دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، غازنى چېلەكمىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويمايسىز؟» دەپتۇ.

ھانىس: «ئەمما ئىنىكىڭىز مېنى ئۈسسۈۋېتىدۇ» دەپتۇ.

سۈت ساغقۇچى ئايال: «مېنىڭ بۇ لەقۋا ئىنىكىم ھەرقانداق ئادەمنى ئۈسسىمەيدۇ، نېمىشقا ئۆچكىڭىز بىلەن غازنى مېنىڭ چارۋىچىلىق مەيدانىمغا قويۇپ بېرىپ باقمايسىز؟» دەپتۇ.

بولدى، ھېكايىنى داۋاملىق سۆزلەۋېرىشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمىدى. سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مەسىلە كېلىپ چىقتى. كېيىنكى پاراگ داۋامىدا، ئىككىيلەن بىر ئۆچكە بىلەن بىر غازنىڭ يېمەكلىك مىقدارى بىر ئىنەكنىڭ يېمەكلىك مىقدارىغا تەڭ. ئەگەر بىر ئىنەك بىلەن بىر ئۆچكىنى 45 كۈن، بىر ئىنەك بىلەن بىر غازنى 60 كۈن، بىر ئۆچكە بىلەن بىر غازنى 90 كۈن باققىلى بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، بىر ئىنەك بىلەن بىر ئۆچكە ۋە بىر غازنى قانچە كۈن باققىلى بولىدۇ؟

## ئورۇن تەرتىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇش

مەكتەپتە، ئوغۇللار 1- دىن 5- گىچە نومۇرلۇق پارتىنىڭ چېتىدە ئولتۇرىدۇ، قىزلار ئۇلارنىڭ قارشىسىدا 6- دىن 10- گىچە نومۇرلۇق پارتىنىڭ چېتىدە ئولتۇرىدۇ.

1. 1- نومۇرلۇق ئوغۇلنىڭ قارشىسىدا بىر قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا يانداش ئولتۇرغان قىز ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسمى ئالىيە.
2. ئالىيە گۈلنۇرنىڭ يېنىدىكى ئۈچىنچى پارتىدا ئولتۇرىدۇ.
3. ئادىلە كېرەمنىڭ قارشىسىدا ئولتۇرىدۇ.
4. ئادىل ئادىلەنىڭ يېنىدىكى قىزنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرىدۇ.
5. ئوتتۇرىدا كېرىم ياكى ئالىم ئولتۇرىدۇ.
6. داۋۇت بىلالنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدۇ.
7. بىلال كېرەمنىڭ يېنىدىكى ئۈچىنچى پارتىدا ئولتۇرىدۇ.
8. ئوتتۇرىدا ئالىيە ياكى ئاينۇر ئولتۇرىدۇ.
9. ئادىلە ماينۇرنىڭ يېنىدىكى ئۈچىنچى پارتىدا ئولتۇرىدۇ.



10. ئوتتۇردا ئالىيە ياكى ئاينۇر ئولتۇرىدۇ.
11. ئالىمنىڭ قارشىسىدا بىر قىز بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىكىسى ماينۇر.
12. كېرەم 5- نومۇرلۇق پارتىدا ئولتۇرمايدۇ.
13. ماينۇر 10- نومۇرلۇق پارتىدا ئولتۇرمايدۇ. سىز ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇش تەرتىپىنى ئورۇنلاشتۇرالامسىز؟



## قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى

دىلشات، دىلمۇرات، ئەركىن ئۈچ ماھىر قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىپتۇ. مۇسابىقە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار قارىنى ئېلىپ كېلىپ ھەربىرى بىرنەچچە ئېغىزدىن سۆز قىلىشىپتۇ.

دىلشات مۇنداق دەپتۇ: مەن 180 نومۇرغا ئېرىشىپتىمەن، بۇ دىلمۇراتنىڭكىدىن 40 نومۇر ئاز، ئەركىننىڭكىدىن 20 نومۇر كۆپ. دىلمۇرات مۇنداق دەپتۇ: «مېنىڭ نومۇرۇم ئەڭ تۆۋەن ئەمەس، مېنىڭكى بىلەن ئەركىننىڭكىنىڭ پەرقى 60 نومۇر، ئەركىننىڭ 240 نومۇر». ئەركىن مۇنداق دەپتۇ: «مېنىڭ نومۇرۇم دىلشاتنىڭكىگە يەتمەيدۇ، دىلشاتنىڭ 200 نومۇر، دىلمۇراتنىڭ دىلشاتنىڭكىدىن 60 نومۇر ئارتۇق».

ھەربىر ماھىرنىڭ سۆزلىرىنىڭ بىر جۈملىسى يالغان. ئۇنداق بولسا ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى ئايرىم - ئايرىم نەچچە بولىدۇ؟

## غەلىتە ئاھالىلەر

مەلۇم بىر جايدا ئۈچ قەبىلە ياشايدىكەن.

راست گەپ قىلىدىغان قەبىلە، ئۇلار ئالتە تەرەپلىك ئۆيدە ياشايدىكەن ھەمدە ھەر ۋاقىت راست گەپ قىلىدىكەن.

يالغان گەپ قىلىدىغان قەبىلە، ئۇلار بەش تەرەپلىك ئۆيدە ياشايدىكەن ھەمدە ھەر ۋاقىت يالغان گەپ قىلىدىكەن.

ئۆزىنىڭكىنىلا راست ھېسابلايدىغان قەبىلە، ئۇلار چەمبەر شەكىللىك ئۆيدە ياشايدىكەن ھەمدە ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭكىنى راست دەپ تۇرۇۋالىدىكەن.

بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇلاردىن 90 ئادەم بازارغا يىغىلىپ، ھەر گۇرۇپپىدا 30 دىن بولۇپ ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپتۇ. بىرىنچى گۇرۇپپىدىكى ئادەملەر پۈتۈنلەي ئوخشاش بىر قەبىلىدىكى ئادەملەر ئىكەن. ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى ئادەملەر ئوخشاش ساندىكى ئىككى قەبىلىدىكى ئادەملەردىن تەشكىللىنىپتۇ. ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكى ئادەملەر ئوخشاش ساندىكى ئۈچ قەبىلىدىكى ئادەملەردىن تەشكىللىنىپتۇ. بىرىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ھەربىرى: «بىز يالغان گەپ قىلىدىغان قەبىلە ئەزالىرى» دېيىشىپتۇ. ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ھەر بىرى: «بىز ئۆزىنىڭكىنى راست دەيدىغان قەبىلىنىڭ ئەزالىرى» دەپتۇ. ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ھەربىرى: «بىز راست گەپ قىلىدىغان قەبىلىنىڭ ئەزالىرى» دەپتۇ.

شۇ كۈنى كەچتە نەچچە ئادەم بەش تەرەپلىك ئۆيدە ياتقان؟

## گاڭگىراپ قېلىش ۋە يالغان سۆزلەش

بۇرۇن بىر ئائىلە كىشىلىرى بار بولۇپ، بۇ ئائىلىدىكى ئەرلەر ئەزەلدىن يالغان سۆزلىمەيدىكەن، ئاياللار ئارقا - ئارقىدىن ئىككى ئېغىز راست گەپ ياكى يالغان گەپ قىلىپ باقمىغانىكەن. بىر زىيارەت قىلغۇچى ئۇلار بىلەن ئۇچراشقاندا، دادىسى، ئاپىسى ۋە بىر بالىسى بىللە ئىكەن. زىيارەت قىلغۇچى ئۇ كىچىك بالىدىن: «سىز ئوغۇلمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. بىراق ئۇلارنىڭ جاۋابى زىيارەت قىلغۇچىنى گاڭگىرىتىپ قويۇپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر چوڭ ئادەم بىلەن كىچىك بالا بىردەك «ئوغۇل بالا» دەپتۇ. لېكىن باشقا بىر چوڭ ئادەم «بۇ بالا يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، ئۇ قىز بالا» دەپتۇ.

بۇ بالا زادى ئوغۇلمۇ ياكى قىزمۇ؟ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ جاۋابى نېمە؟





## تۆرمىدىكى ھېسابلاش مەسىلىسى

تۆرمە ساقچىلىرى بىر توپ مەھبۇسلارنى باشقۇرۇشى ھەمدە تاماق ۋاقتىدا تاماق شىرەسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. تۆۋەندىكىسى ئورۇنلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش قائىدىسى:

1. ھەربىر تاماق شىرەسىگە ئوخشاش ساندىكى مەھبۇسلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

2. ھەربىر تاماق شىرەسىدە تاماق يەيدىغانلارنىڭ سانى چوقۇم تاق سان بولۇشى كېرەك. تۆرمە ساقچىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇش جەريانىدا تۆۋەندىكىدەك مەسىلىلەرنى بايقايدۇ:

3. ھەربىر شىرەگە 3 ئادەمدىن ئورۇنلاشتۇرسا، 2 ئادەم ئېشىپ قالىدۇ.

4. ھەربىر شىرەگە 5 ئادەمدىن ئورۇنلاشتۇرسا، 4 ئادەم ئېشىپ قالىدۇ.

5. ھەربىر شىرەگە 7 ئادەمدىن ئورۇنلاشتۇرسا، 6 ئادەم ئېشىپ قالىدۇ.

6. ھەربىر شىرەگە 9 ئادەمدىن ئورۇنلاشتۇرسا، 8 ئادەم ئېشىپ قالىدۇ.

7. لېكىن ھەربىر شىرەگە 11 ئادەمدىن ئورۇنلاشتۇرغاندا بارلىق مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسنى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

8. بۇ تۆرمىدە جەمئىي نەچچە مەھبۇس بار؟

## پۇت يۆنىلىشىنى كەينىگە قارىتىش

بىر ئادەمنىڭ ئوڭ پۇتى شىمالغا قاراقلىق، سول پۇتىنى بىر قەدەم يۆتكىسىلا يۆنىلىشى جەنۇبقا قاراپ قالىدۇ. بۇ قانداق ئىش؟

1. بۇ بىر قەدەم ئارىلىق ئوڭ پۇتىدىن ھېسابلانغان بولۇپ، ئۇ ئارىلىقتا ئايلانمىغان.

2. ئۇنىڭ ئىككى پۇتى ئوخشاش بىر يۆنىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

3. ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى تۈز ھالەتتە بولۇپ ئېگىلگەن ئەمەس.

## پېكاپنىڭ چىقىش نۇقتىسى

سىز بىر پىكاپقا چىقىپ ئولتۇرىسىز، پىكاپ شەرققە قارىتىلغان ھالەتتە بىر تۈپتۈز
يولغا توختىتىلغان. پىكاپ تۈز يولدا ئالدىغا قاراپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن قوزغالغان
ئورۇندىن غەربكە 7.2 مىل ئارىلىقتىكى يەرگە بېرىپ قالىدۇ. بۇ قانداق ئىش؟
كۆرسەتمە:
1. بۇ پىكاپنىڭ ئايلىنىش ئىقتىدارى يوق.
2. بۇ پىكاپ سۆرەلگەن ئەمەس.
3. سىز يەر شارىدا ئايلىنىۋاتقان ئەمەس.
4. سىز پىكاپنى ئايلاندۇرمىدىڭىز.

## ئالۋاستىنى قانداق ئالدىغان؟

بۇرۇنقى زاماندا پادىشاھنىڭ ئىلاھ چىرىغى بولۇپ، چىراغ ئىچىدە بىر ئالۋاستى
بار ئىكەن. پادىشاھنىڭ مەلىكىسى ئالاۋۇدۇننى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، لېكىن پادى-
شاھ ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا قوشۇلمايدىكەن. ئەمما پادىشاھ قىزىنىڭ ئازابلىنىشىنى
تېخىمۇ خالىمايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ چىراغنى سۈرتكەچ ئالۋاستى بىلەن مەسلىھەتلە-
شىپتۇ. پادىشاھ قىزىنى ئېلىپ ئالاۋۇدۇننىڭ يېنىغا بارىدىغانلىقىنى، بۇ ۋاقىتتا ئال-
ۋاستىنىڭ ئامال قىلىپ ئالاۋۇدۇننى سىناپ بېقىشنى ئېيتىپتۇ. شۇ چاغدا ئالاۋۇدۇن
دەل بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن. ئۇ پادىشاھ بىلەن ئالۋاستىنىڭ پىلانىنى
ئاڭلاپ قاپتۇ. ئالۋاستى: «مەن ئىككى كونۋېرت تەييارلاي، ھەر ئىككى كونۋېرتقا
‹مەڭگۈ سۆرگۈن بولىسەن› دەپ يازايلى، ئاندىن ئالاۋۇدۇنغا: بىر كونۋېرتقا ‹توي
قىلىسەن›، يەنە بىر كونۋېرتقا، ‹مەڭگۈ سۆرگۈن بولىسەن› دەپ يېزىلغان، سەن
بۇنىڭدىن بىرىنى تارتىپ تەقدىرىڭنى بەلگىلە دەيلى» دەپتۇ.
ئالاۋۇدۇن قانداق قىلغاندا ئالۋاستى بىلەن پادىشاھنىڭ قىلتىقىدىن قۇتۇلالايدۇ؟





## قورۇقتىكى يەنە بىر قېتىملىق قەستلەپ ئۆلتۈرۈش دېلوسى

قورۇق ئىگىسى ئۆلتۈرۈلدى. بۇ يەرگە كەلگەن ئادەملەر ئەيىبي، باۋبىي ۋە كلىن ئىدى. قاتىل بولسا ئۈچ ئادەمنىڭ ئىچىدىكى بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ قورۇققا كەلگەن ۋاقتى ئەڭ كېمىدە باشقا ئىككىسىنىڭ بىرىدىن كېيىنرەك. ئۈچىنىڭ بىرى ساقچى بولۇپ، ئۇنىڭ قورۇققا كەلگەن ۋاقتى ئەڭ كېمىدە باشقا ئىككىسىنىڭ بىردىن بالدۇرراق بولغان. ساقچى بولسا يېرىم كېچىدە قورۇققا كەلگەن. ئەيىبي بىلەن كلىن ئىككىسىنىڭ كېيىنرەك كەلگەن بىرى قاتىل ئەمەس. ئۇنداق بولسا بۇ دېلونى كىم سادىر قىلغان؟

## تاپانچىنىڭ باھاسى

بېل بىلەن دىنام كالا فېرمىسىنىڭ غوجايىنلىرى ئىدى. بىر كۈنى ئۇلار غۇنان بۇقىلىرىنى سېتىۋېتىپ قوي بېقىشنى قارار قىلىشىدۇ. ئۇلار موزايلىرىنى ھەيدەپ بازارغا باردىدۇ، بازاردا ھەربىر تۇياق موزاينىڭ سېتىلىش باھاسى دەل ئۇلار ساتماقچى بولغان موزايلارنىڭ ئومۇمىي سانىغا تەڭ ئىكەن. ئۇلار موزايلىرىنى ساتقان پۇلغا ھەربىر تۇيىقى 10 دوللاردىن بىر تۈركۈم قويلارنى سېتىۋاپتۇ. ئاشقان پۇلغا بىر ئۆچكە سېتىۋاپتۇ.

ئۇلار قايتىشىدا ئارازلىشىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ماللىرىنى تەڭ بۆلۈشمەكچى بولۇپتۇ. بىراق ئاخىرقى ھېسابتا بىر قوينىڭ ئېشىپ قالىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. بېل بۇ قوينى ئۆزىگە ئېلىپ قېلىپ، دىنامغا ھېلىقى ئۆچكىنى بېرىپتۇ. دىنام: «مېنىڭ سېنىڭكىدىن ئاز بولۇپ قالدى، چۈنكى ئۆچكىنىڭ باھاسى قويدىن ئەرزان» دەپتۇ.

بېل «بولىدۇ، مەن كىبىرت ــ 45 تىپلىق تاپانچامنى ساڭا بېرىپ، بۇ پەرقنى تولۇقلاي» دەپتۇ.

كىبىرت ــ 45 تىپلىق تاپانچىنىڭ باھاسى قانچە؟

## يېرىم چېلەك سۇ

رەھىمسىز غوجايىن ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قېلىش ئۈچۈن مۇنداق بىر ئۇسۇلنى ئويلاپ چىقىپتۇ: ئۇ ئىشچىلارغا سىلىندىر شەكىللىك بىر چېلەك بېرىپ ئۇنىڭغا جىقمۇ ئەمەس، ئازمۇ ئەمەس يېرىم چېلەك سۇ قاچىلاشنى ھەمدە ھەرقانداق بىر ئۆلچەش ئەسۋابى بىلەن ئۆلچىمەسلىكىنى، ئەگەر بۇنى ئورۇنلىيالمىسا، ئىش ھەققىنىڭ يېرىمىنى تۇتۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئىشچىلار چوڭقۇر خىيالغا پېتىپتۇ، غوجايىن بولسا كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ، بۇ ۋاقىتتا بىر ئىشچى ئەپچىللىك بىلەن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىشچىلار ئېلىشقا تېگىشلىك ئىش ھەققىنى تولۇق ئېلىپتۇ. بۇ ئىشچى بۇ ۋەزىپىنى قانداق ئورۇنلىغان؟

## دەريادىن ئۆتۈش

بۇ بولسا بىر قەدىمكى قىزىقارلىق زېھىن سىناش سوئالىدۇر. يولۋاس ئاتا ـ بالا، شىر ئاتا ـ بالا، يىلپىز ئاتا ـ بالىلار دەريا بويىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلار دەريادىن ئۆتكۈچە بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلىشماسلىققا كېلىشىپتۇ، لېكىن كۈچلەردە كەسكىن پەرق بولۇپ قالسا، ئاقىۋەتتە ئۆزلىرى ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ، يەنى يولۋاس، شىر، يىلپىز بالىلىرىنىڭ يېنىدا دادىلىرى بولمىسا خەتەرلىك بولىدىكەن، لېكىن ئۇلار ئۈچى بىرلىكتە بولسا خەتەرگە ئۇچرىمايدىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ دادا بىلەن يولۋاس بالىسى ۋە يىلپىز بالىسى كېمە ھەيدىيەلەيدىكەن، كېمە بىر قېتىمدا پەقەتلا ئىككى ھايۋاننى ئېلىپ يۈرەلەيدىكەن، بۇ ئۈچ جۈپ ئاتا ـ بالا ھايۋان دەريادىن قانداق ئۆتىدۇ؟ كېمە نەچچە قېتىم قاتنىغاندا بۇ ئۈچ جۈپ ھايۋاننىڭ ھەممىسى دەريادىن ئۆتەلەيدۇ؟





## بىر ئائىلە كىشىلىرى

تۆت جۈپ ئەر - خوتۇن كۆكتات بازىرىدا كۆكتات ساتىدىكەن. ھەربىرى پە-
قەت بىر خىللا كۆكتات ساتىدىكەن، ئەر - خوتۇنلارنىڭ ياپىملىرى ئايرىم - ئاي-
رىم يولنىڭ ئىككى يېقىغا جايلاشقان، كۆكتاتلارنىڭ تۈرلىرى ئايرىم - ئايرىم ئاق
تۇرۇپ، يېسىسۋىلەك، كەرەپشە، بەرەڭگە، سەۋزە، كۆكمۇچ، كاۋا قاتارلىقلار ئە-
كەن. بۇلارنىڭ ئالدىنقى تۆت خىلى بىر ياققا، كېيىنكى تۆت خىلى بىر ياققا قويۇلغان
بولۇپ، بەزىلەر ئۇلارنىڭ زادى قايسى ئىككىسىنىڭ ئەر - خوتۇن ئىكەنلىكىنى سو-
رىغاندا، يېسىسۋىلەك ساتقۇچى: «كەرەپشە سېتىۋاتقان ئادەمنىڭ خوتۇنى كاۋا سې-
تىۋاتقان كىشى» دەپتۇ. كەرەپشە ساتقۇچى: «بەرەڭگە سېتىۋاتقان ئادەمنىڭ خوتۇنى
موگۇ سېتىۋاتقان ئەمەس» دەپتۇ. ئاق تۇرۇپ ساتقۇچى: «يېسىسۋىلەك سېتىۋاتقان
ئادەمنىڭ خوتۇنى سەۋزە سېتىۋاتقان ئەمەس» دەپتۇ. بەرەڭگى ساتقۇچى: «بۇ ئۇ-
چىنىڭ ئىچىدە پەقەتلا كاۋا سېتىۋاتقانىنىڭ ئېرى راست گەپ قىلدى» دەپتۇ. بەرەڭ-
گە ساتقۇچى ئادەمنىڭ گېپى ئىشەنچلىك بولسا، سىز كىم بىلەن كىمنىڭ بىر ئائىلە
كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى ئايرىيالامسىز؟

## سۇن ۋۇكۇڭ يولۇققان قىيىن مەسىلە

سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ماھارىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ھەر قانداق جىن - شايا-
تۇنلاردىن قورقمايدۇ. بىر كۈنى ئۇ مۇنداق بىر قىيىن مەسىلىگە يولۇقىدۇ: بىر ئا-
دەم پۇلنى ئوغرىغا بېرىپ قويىدۇ، لېكىن تۆت ئادەم ۋۇكۇڭنى ئىزدەپ كېلىدۇ،
ئۇلار ئايرىم - ئايرىم پۇلنى ئوغرىغا بېرىپ قويغۇچى، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچى،
ياردەم بەرگۈچى ۋە چەتتە قاراپ تۇرغۇچى بولۇپ، ئۇلار ھەرقايسىسى بىر ئېغىزدىن
سۆز قىلىشىدۇ.

ئەمەت: «سەمەت چەتتە قاراپ تۇرغۇچى ئەمەس» دەيدۇ.

سەمەت: «داۋۇت ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچى ئەمەس» دەيدۇ.

ساۋۇت: «ئەمەت ياردەم بەرگۈچى ئەمەس» دەيدۇ.

داۋۇت: «سەمەت ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچى ئەمەس» دەيدۇ. ۋۇكۇڭنىڭ بېشى تازا قاتىدۇ، تاڭسىڭ ئۇنىڭغا ئاستا پىچىرلاپ: «بۇلارنىڭ دېگەنلىرى ئەگەر پۇلنى ئوغرىغا بەرگۈچىگە نىسبەتەن ئېيتىلغاندا بولسا يالغان، ئەگەر باشقىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان بولسا توغرا» دەيدۇ. ۋۇكۇڭ دەرھال ئېسىنى تېپىپ، بىردەمدىلا ئۇ تۆت ئادەمنى ئېنىق ئايرىپ بېرىدۇ. سىز بۇلارنى ئايرىپ بېرەلەمسىز؟

## يۇرۇشلۇك ياتاق بىناسىدىكى مېھمان

يېڭىدىن سېلىنغان يۇرۇشلۇك ياتاق بىناسى جەمئىي ئۈچ قەۋەت بولۇپ، ھەربىر قەۋىتىدە بىر يۇرۇش ياتاق ئۆي بار.

ئالدى بىلەن كۆچۈپ كىرگەن ۋاررېن ئەر - خوتۇن ئەڭ يۇقىرى قەۋەتتىكى بىر يۇرۇشلۇك ياتاق ئۆيگە ئورۇنلىشىپتۇ. مورتون ئەر - خوتۇن بىلەن لويس ئەر - خوتۇن تارتقان چېكىنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسەن، ئايرىم - ئايرىم ئاستىنقى ئىككى قەۋەتكە ئورۇنلىشىپتۇ.

مورتون ئەر - خوتۇن بۇنىڭغا ئىنتايىن رازى بولۇپتۇ. پۈتۈن بىنادا پەقەت پىرسىنگلا بۇنىڭغا پىكرى بولۇپ، ئۇ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى بىر جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ بەك ئەتىگەندە مۇنچىغا چۈشمەسلىكىنى تەلەپ قىپتۇ. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ ئۇيقۇسىغا تەسىر كۆرسەتكەنىكەن.

ئۇنىڭدىن سىرت، بۇ ئۈچ ئائىلىدىكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنچىل ئىناق بولۇپ، روگېر ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىنادىن چۈشۈپ جىمنىڭ ئۆيىگە بىر كىرىۋېتىپ، ئاندىن ئىككىسى بىللە ئىشقا بارىدىكەن. سائەت 11 بولغاندا، كاتارىن يۇقىرىغا چىقىپ لويس خانىم بىلەن بىرلىكتە چاي ئىچىشەتتى.

ئۇنتۇلغاق تورما بولسا بۇ يۇرۇشلۇك ياتاق ئۆيدە يېتىشنى ئىنتايىن قولايلىق





ھېس قىلىدىكەن، چۈنكى ئۇ ماگىزىن سېتىۋېلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالغاندا، تۆۋەنگە چۈشۈپ دورسىنىڭ ئۆيىدىن سوراپ ئالىدىكەن.

بۇ ئۈچ جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ ئىسىملىرى ئايرىم - ئايرىم نېمە، فامىلىسىچۇ، نەچچىنچى قەۋەتتە ئولتۇرىدۇ؟

## كىتاب ئوغرىسى

بىر يازغۇچىنىڭ بىر نەچچە كىتابى يىتىپ كېتىپتۇ، كىتاب يىتكەن ۋاقىت يازغۇچى تۈنۈگۈن ئاخشام كىتابخانىسىدىن ئايرىلىپ بۈگۈن ئەتىگەن كىتابخانىسىغا كىرگۈچە بولغان ۋاقىت ئىكەن. يازغۇچى كىتاب ئوغرىلىغان ئادەمنى خوجىدار، ئايال خىزمەتكار، ياردەمچى ۋە ئۆزىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئىچىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن دەپ ھۆكۈم قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يازغۇچى تۆتىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ بىر نەچچە كىتابىنىڭ يىتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇلار دەرھال ئۆزلىرىنى ئاقلىشىپتۇ.

خوجىدار: «مەن تۈنۈگۈن ئاخشام كىتابخانىغا كىردىم، مەن كىتاب ئوغرىلىمايمەن، كىمنىڭ ئوغرىلىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن، مەن تۈنۈگۈن ئاخشام ئايال خىزمەتكار بىلەن بىللە ئىدىم» دەپتۇ.

ئايال خىزمەتكار:«مەن ئاق، مەن تۈنۈگۈن ئاخشام ياردەمچى بىلەن ئۆي مەسىلىسى توغرۇلۇق سوقۇشۇپ خوجىدارنى كۆرمىدىم، ئۇ گۇناھسىز دەپتۇ» دەپتۇ.

ئوقۇغۇچى: «كىتابنى ئايال خىزمەتكار ئوغرىلىمىغان. خوجىدار بىلەن ئايال خىزمەتكار بىللە ئەمەس. مەن گۇناھسىز. كىتابنى خوجىدار ئوغرىلىغان» دەپتۇ.

ياردەمچى: «كىتابنى مەن ئوغرىلىدىم. تۈنۈگۈن ئاخشام مەن غوجىدار بىلەن بىللە، مەن ئوقۇغۇچىنى كۆرمىدىم. ئوقۇغۇچى كىتابنى خوجىدار ئوغرىلىغان دەپ يالغان ئېيتىۋاتىدۇ» دەپتۇ. ئۇلار ھەممىسى تۆت ئېغىزدىن گەپ قىلغان، بىراق بۇنىڭ بىر ئېغىزى يالغان. سىز يازغۇچىغا ياردەملىشىپ كىتابنى كىمنىڭ ئوغرىلىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشىپ بېرەلەمسىز؟

## دوپپىنىڭ رەڭگى

مۇنداق بىر ئويۇن بار: 50 ئادەم كۆزلىرىنى تېڭىپ چەمبەر ھالەتتە تۇرۇشىدۇ، رىياسەتچى ھەربىر ئادەمنىڭ بېشىغا بىردىن دوپپا كىيگۈزىدۇ. بۇ 50 دوپپىنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە دانە قارا دوپپا بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئاق دوپپا. رىياسەتچى ئويۇننىڭ قائىدىسىنى ئېلان قىلىپ: «ئويۇن جەريانىدا پەقەت كۆزنىتىش ۋە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ» دەيدۇ. ئاندىن رىياسەتچى ئۇلارغا كۆزىنى تاڭغان رەختنى ئېلىۋېتىشنى ھەمدە كۆزىتىش ئارقىلىق قارا دوپپىنى تېپىپ چىقىشنى، ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ بىر دانە قارا دوپپىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ھەربىر ئادەم باشقا 49 دوپپىنى كۆرەلەيدۇ، پەقەت ئۆزىنىڭ بېشىدىكى دوپپىنى كۆرەلمەيدۇ. ئەگەر ئۆزىنىڭ بېشىدىكى دوپپىنىڭ قارا دوپپا ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلىيەلىگەنلەر چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ تۇرىدۇ. بىر قارا دوپپىنى بەلگىلەيدىغان ۋاقىت بىر مىنۇت بولىدۇ. بىرىنچى مىنۇت، ئىككىنچى مىنۇتتا ھېچكىم چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. ئۈچىنچى مىنۇتقا كەلگەندە بىرنەچچە ئادەم چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىدۇ، سىز نەچچە ئادەمنىڭ بېشىدا قارا دوپپا بارلىقىنى بىلەمسىز؟ ئۇلار قانداق مۆلچەرلەپ چىققان؟



# ئۆلچەملىك جاۋابلىرى

### «ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننىڭ مىراس تالىشىشى»نىڭ جاۋابى:

ئامبال ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەنگە: «ئاكا بولغان ئادەم: ئۇكام مىراسنى كۆپ ئېلىۋالدى، دېسە، ئۇكا بولغان ئادەم: ئاكام مىراسنى كۆپ ئېلىۋالدى، دەيدىكەن، ئۇنداق بولسا ھەر ئىككىڭلار ئولتۇرۇشلۇق ئۆيۈڭلەرنى ئالماشتۇرۇپ، ئۇكا ئاكىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ بارسۇن، يەنە سىلەر ئۆي تەقسىملەش خېتىنىمۇ ئالماشتۇرۇڭلار» دەپتۇ. بۇ چاغدا ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ئۇ بۇنىڭغا، بۇ ئۇنىڭغا قارىشىپ ئېغىز ئاچالماي قېلىشىپتۇ.

### «بىرىلىيانت يىتىش دېلوسىنى پەم بىلەن پاش قىلىش»نىڭ جاۋابى:

خىمىيە دوكتورى خەيۋى ئەيلۇنىنىڭ بارمىقىنىڭ قارا كۆك بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ، كەسكىن ھالدا ئۇنى كۆرسىتىپ:

— بىرىلىيانتنى ئوغرىلىغان ئادەم دەل سەن، — دېگەن. چۈنكى، دوكتور مېھمانخانىغا كىرىپ، گىلىن خانىمنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئۈچ ئادەم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە، بۇ ئۈچەيلەننىڭ بارمىقىغا ئوخشىمىغان رەڭدىكى دورا سۈيۇقلۇقىنى سۈركىۋالغانلىقىنى بايقىغان. ئادەتتىكى تېببىي بىلىملەر ۋە ئائىلىدە دائىم ساقلىنىدىغان دورا سۈيۇقلۇقىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن بىلگىلى بولىدۇكى، چارسىنىڭ بارمىقى ئازراق ياللۇغلىنىپ قالغان بولۇپ، گىنتىئان ئىبىرتىمىسى سۈركىۋالغان. ئەيلۇنىنىڭ بارمىقىنى زەھەرلىك قۇرت چېقىپ ئىششىپ قالغىنىغا ئۇزاق بولمىغان بولۇپ، يود ئىسپىرتى سۈركىۋالغان.

شۇڭا، بارمىقى سارغىيىپ قالغان. بىلىنىڭ بارمىقى تىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، قىزىل دورا سۇيۇقلۇقى سۈركىۋالغان. گىلىن خانىم قۇتىنى ئېچىشتىن بۇرۇن، يىرتىۋەتكىنى ھۆل ئاق رەڭلىك پېچەت بولۇپ، شىلىمنىڭ قۇرۇمىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئەگەر چارس ياكى بىل ئاق رەڭلىك پېچەتكە تەگكەن بولسا (چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى مېھمانخانىدىن ئايرىلغان بولۇپ، گۇمان قىلىش مۇمكىنچىلىكى بار)، ئۇنداقتا بارمىقىدىكى دورا سۇيۇقلۇقى ھۆل ئاق پېچەتكە تەگكەندىن كېيىن، پېچەتتە چوقۇم سۆسۈن رەڭ ياكى قىزىل رەڭلىك ئىز قالاتتى. دوكتور پېچەت قەغىزىدە ھېچقانداق ئىزنى بايقىمىغانىكەن. دېمەك، پېچەت چاپلىنىپ ئۇزاق بولمايلا باشقىلار تەرىپىدىن ئىز قالدۇرۇلمىغان ھالەتتە قول تەگكۈزۈپ ھەممە ھېچكىم ئېيتىشمىغاندەك ساختا ھالەت ياساپ قويۇلغان. پەقەت يود ئىسپىرتى تەركىبىدىكى يود بىلەن شىلىمدىكى كىراخمال خىمىيەلىك رېئاكسىيەلىشىپ، ئەسلىدىكى سېرىق رەڭ رېئاكسىيەدىن كېيىن، قارا كۆك رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. شۇڭا، خىمىيە دوكتورى ئەيلۇننىڭ قولىدىكى ئالامەتلەرگە قاراپ ھۆكۈم چىقارغان.

«يەنە بىر ئامېرىكا دوللىرى نەگە كەتتى»نىڭ جاۋابى:

بۇ بىر ماتېماتىكىلىق نەيرەڭ. ئۈچ ساياھەتچىنىڭ ھەربىرى 9 دوللاردىن جەمئىي 27 دوللار تۆلىگەن بولۇپ، بۇ 27 دوللار ئىچىدە مېھمانخانا ئالغان 25 دوللار ۋە كۈتكۈچى ئېلىۋالغان ئىككى دوللارمۇ بار. شۇڭا، 27 دوللارنىڭ ئۈستىگە كۈتكۈچى ئېلىۋالغان ئىككى دوللارنى قوشساق خاتالاشقان بولىمىز. توغرا جاۋابى بولسا: مېھمانخانا 25 دوللار ئالغان. كۈتكۈچى 2 دوللارغا خىيانەت قىلغان. ساياھەتچىلەر مېھمانخانا قايتۇرۇپ بەرگەن ئۈچ دوللارغا ئېرىشكەن.

«قۇملۇقتىكى ئات بەيگىسى»نىڭ جاۋابى:

ئىككى ئادەم ئاتلىرىنى ئالماشتۇرغاندا، ئاستىلىقتا بەسلىشىش تېزلىكتە بەسلىشىشكە ئۆزگىرىدۇ، پادىشاھنىڭ مەقسىتىمۇ دەل شۇ يەردە. بۇ مىسال بىزگە مەسىلىلەرنى ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپتىن كۆزىتىشكە ماھىر بولۇپ، پىكىر قىلىش نۇقتىئىنەزىرىمىزنى ئۆزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ تۇرۇش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.



### «كىمنىڭ توغرا»نىڭ جاۋابى:

ئېقىن تېزگىنلەش ئىشچىسىنىڭ ئېيتقىنى توغرا. چۈنكى، تاش شىر ئېغىر، قۇم بوش بولغاچقا، سۇ تاش شىرنىڭ ئاستىدىكى قۇملارنى تۆۋەنگە ئېقىتىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئاستىنى ئازگال قىلىپ قويىدۇ، بۇ چوڭايغاندا، تاش شىر ئازگال ئىچىگە دومىلاپ چۈشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تاش شىرلار ئاز - ئازدىن يۇقىرى ئېقىنغا قاراپ يۆتكىلىدۇ.

### «يالغان گۇۋاھلىق بېرىش»نىڭ جاۋابى:

لىنكولىن 10- ئاينىڭ 18- كۈنى كەچتىكى ئاينىڭ ئاي بېشىدىكى ئورغاقسىمان ئاي ئىكەنلىكىنى، كەچ سائەت 11دە ئاينىڭ ئاللىقاچان غەربكە ئولتۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ئايدىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئېنىقلايدۇ. بۇنىڭدا جاۋابكار ۋاقىتنى ئېنىق ئېسىدە تۇتالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ چاغدىكى ئاي يورۇقى جاۋابكارنىڭ يۈزىنى يورۇتالمايدۇ.

### «بۇ ئوقۇغۇچىغا قانچە نومۇر قويۇش كېرەك»نىڭ جاۋابى:

بۇ ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچى سورىغان بارلىق سوئاللارغا تولۇق جاۋاب بەرگەن. شۇڭا، تولۇق نومۇر بېرىلىشى كېرەك.

### «ئەقىللىك پادىچى»نىڭ جاۋابى:

پادىچى ئەسلىدە 2 تۇياق چارۋىسىنى ھەيدەپ كەلگەن. بىر چارىدىن ئۆتكەندە 1 تۇياق چارۋا مۇسادىرە قىلىنغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا 1 تۇياق چارۋىنى ھەدىيە قىلىپ قايتۇرۇپ بەرگەن، بۇ ئەسلىدىكى چارۋا بىلەن تەڭ بولۇپ، نەتىجىدە يەنىلا 2 تۇياق چارۋىسى قېلىۋەرگەن. ئۇ 99 چارىدىن ئۆتكەندىمۇ ئوخشاشلا 2 تۇياق چارۋىسى قېلىۋەرگەن.

### «كىم ئاۋۋال بىلگەن»نىڭ جاۋابى:

گاس ئوت چاقنىغانلىقىنى كۆرگەن. چۈنكى، نۇرنىڭ تارقىلىش سۈرئىتى ئەڭ تېز بولغاچقا، ئۇنى بىلىشمۇ ئەڭ بالدۇر بولىدۇ؛ بوۋاي ئىككىنچى بولغان، ئەما ئاۋازنى ئاڭلىغان، شۇڭا ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا بىلگەن.

### «ئۆچكە بىلەن قوينىڭ تار ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشى»نىڭ جاۋابى:

ئۆچكە بىلەن قوي ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتتا ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئايرىم - ئايرىم ئۆتكەن. چۈنكى، بۇ تېمىدا «بىرلا ۋاقىتتا كۆۋرۈكتىن ئۆتكەن» دېگەن سۆز سۆزلەنمىگەن.

### «كىم بېخىل»نىڭ جاۋابى:

تۇرنىنىڭ تۇمشۇقى ئۇزۇن، مۈشۈكنىڭ ئاغزى يوغان بولىدۇ. مۈشۈك بېلىقنى تەخسىگە ئۇسۇپ چىقسا، تۇرنا ئەلۋەتتە مۈشۈكتەك كۆپ يېيەلمەيدۇ، تۇرنا بېلىقنى كوزىغا سېلىپ چىقسا كوزىنىڭ ئىچى چوڭقۇر، ئاغزى كىچىك بولغاچقا، مۈشۈك ئۇنى ئازراقمۇ يېيەلمەيدۇ. ھەسەل ھەرىسى گۈل ۋە گۈل شىرنىسىنى يەيدۇ، بېلىق يېمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نەرسىسىنى يەپ كېتىشتىن قورققان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىر - بىرىدىن پىخسىق.

### «سوئاللارغا تېز جاۋاب بېرىڭ»نىڭ جاۋابى:

a. ئەڭ ئۇزاق بولىدىغىنى يازلىق كۈن - تۈن توختىغان كۈن (6- ئاينىڭ 22- كۈنى)؛ ئەڭ قىسقا بولىدىغىنى قىشلىق كۈن - تۈن توختىغان كۈن (12- ئاينىڭ 22- كۈنى.

b. ئەتىگەندە تۇمان كۆپ بولسا، كۆپ ھاللاردا ھاۋا ئوچۇق بولىدۇ.

c. شەبنەم سوغۇققا ئۇچرىسا قىروۋ ھاسىل بولىدۇ.



d. يامغۇر سۈيى مۇز بولسا يەرگە مۆلدۈر چۈشىدۇ.

e. قار ئېرىگەن چاغدا ئەتراپتىن كۆپ مىقداردا ئىسسىقلىق سۈمۈرۈۋالىدۇ-دە، قار ئېرىيدۇ، شۇڭا قار ئېرىگەندە قار ياغقاندىنمۇ بەك سوغۇق بولىدۇ.

f. ئاپتوموبىلنى تېز ھەيدىگەندە ئاپتوموبىلنىڭ ئارقىسىدىكى ھاۋا شالاڭلاپ، ئەتراپتىكى ھاۋا ئۇنى تولۇقلايدۇ، شۇڭا ئاپتوموبىل قانچە تېز ماڭسا ھاۋا شۇنچە شالاڭلىشىدۇ-دە، ئەتراپتىكى ھاۋامۇ شۇنچە تېز تولۇقلىنىدۇ، چاڭ - توزانمۇ شۇنچە كۆپ چىقىدۇ.

## «بۆرە بىلەن ئۆچكىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈش»نىڭ جاۋابى:

1. بۆرە بىلەن ئۆچكە 6 قېتىمدا دەريادىن ئۆتۈپ بولالايدۇ:
بىر ئۆچكە بىلەن بىر بۆرىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆچكە قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ؛
2. بۆرىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ، بىر بۆرە قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ؛
ئىككى ئۆچكىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ، بىر ئۆچكە، بىر بۆرە قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ؛
3. ئىككى بۆرىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ، بىر بۆرە قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ؛
4. ئىككى بۆرە دەريادىن ئۆتكۈزۈلىدۇ.

## «بۇ ئادەم نېمە ئۈچۈن بۇ چەمبىرەكتىن چىقىپ كېتەلمەيدىغان»نىڭ جاۋابى:

راھىب چەمبىرەكنى يەرگە سىزماستىن، بەلكى چامباشچىلىقنى مەشىق قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ بەدىنىگە سىزىپ قويغان.

## «ھەميانغا ھۆكۈم قىلىش»نىڭ جاۋابى:

ئامبال ھۆكۈم قىلىپ: «بۇ دېھقان تېپىۋالغان ھەميانىنىڭ ئىچىگە 15 سەر كۈمۈش سېلىنغان بولسا، بۇ ھەميان سودىگەر يىتتۈرگەن ھېلىقى 30 سەر كۈمۈش سېلىنغان ھەميان ئەمەس ئىكەن، بۇ ھەميان دېھقانغا تەئەللۇق بولسۇن. ئەگەر دېھقان يەنە 30 سەر كۈمۈش سېلىنغان ھەميان تېپىۋالسا، ئۇنى سىزگە تاپشۇرۇپ بەرسۇن، سىز قايتىپ كېتىپ سەۋر قىلىپ كۈتۈپ تۇرۇڭ» دېگەن.

### «ھەزىم قىلىش يولىدىكى ئەزالارنىڭ پارىڭى»نىڭ جاۋابى:

قىزىلئۆڭگەچنىڭ مەن يېمەكلىكلەر بىلەن ئەڭ ئاۋۋال ئۇچرىشىمەن، دېيىشى خاتا. قىزىلئۆڭگەچنىڭ ئالدىدا ئېغىز ۋە گال بار. يېمەكلىكلەر ئېغىز بوشلۇقىدا دەسلەپتە ھەزىم بولۇشقا باشلايدۇ، قىزىلئۆڭگەچنىڭ رولى يېمەكلىكلەرنى ئاشقازانغا يەتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت.

ئاشقازاننىڭ ئېيتقىنىمۇ پۈتۈنلەي توغرا بولمىغان. ئاشقازان يېمەكلىكلەرنى دەسلەپتە ھەزىم قىلىدۇ، ئۇ پەقەت ئاز مىقداردىكى سۇ ۋە ئىسپىرتنىلا قوبۇل قىلىدۇ، باشقا ئوزۇقلۇقلارنى قوبۇل قىلمايدۇ.

ئىنچىكە ئۈچەينىڭ دېگىنى توغرا، ئۇ يېمەكلىكلەرنى ھەزىم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى كۆپ مىقداردىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ يېمەكلىكلەرنى ھەزىم قىلىدىغان ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى قوبۇل قىلىدىغان ئاساسلىق ئورگان. چوڭ ئۈچەي گەرچە كەمتەرلىك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئېيتقىنى توغرا ئەمەس، چوڭ ئۈچەينىڭ ھەزىم قىلىش فۇنكسىيەسى يوق، ئۇنىڭ ئاساسلىق رولى سۇ تەركىبىنى قوبۇل قىلىش ۋە گەندە شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ بالىنىڭ ئۇيقۇچىلىقتا ئاڭلىغان گەپلىرىدىن پەقەت ئىنچىكە ئۈچەينىڭ گېپىلا ئورۇنلۇق.



### «چۈش كۆرۈش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىش»نىڭ جاۋابى:

بۇ راست بولغان ئىش ئەمەس. ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولغان بولسا، ۋاڭ ئەپەندىنىڭ قانداق چۈش كۆرگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمىگەن بولاتتى.

### «ئالداش»نىڭ جاۋابى:

غوجا ئۆيگە بىر كىرىپ كەتكەنچە قايتىپ چىقمىغان. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇ ھېلىقى ئادەمنى ئالدىغان.



### «سائەت ھەققىدە قىزىقارلىق سوئال»نىڭ جاۋابى:

22 قېتىم ئۇچرىشىدۇ. چۈنكى، سائەت ئىسترېلكىسى 12دىن 1 گە كەلگەندە، مىنۇت ئىسترېلكىسى سائەت يۈزىنى تولۇق بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ، يەنە 12 دىن باشلىنىپ بىر ئايلىنىپ يەنە 12گە كېلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا سائەت ئىسترېلكىسى مىنۇت ئىسترېلكىسى بىلەن ئۇچراشمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، مىنۇت ئىسترېلكىسى ھەربىر دەۋر ئايلانغاندا سائەت ئىسترېلكىسى بىلەن بىر قېتىم ئۇچرىشىدۇ. 24 سائەت ئىچىدە سائەت ئىسترېلكىسى ئىككى قېتىم 12 دىن بىرگە كېلىدۇ، شۇڭا سائەت ئىسترېلكىسى بىلەن مىنۇت ئىسترېلكىسى ئىككى قېتىم ئۆزئارا ئۇچراشمايدۇ. بۇنداق بولغاندا 24 سائەتتە پەقەت 22 قېتىم ئۇچرىشىدۇ.

### «لوگىكىلىق ئىسپات»نىڭ جاۋابى:

ئەگەر A كىشىنىڭ ئېيتقىنى راست بولسا، B كىشىنىڭ يەكۈنى ئەلۋەتتە توغرا ئەمەس. ئەگەر A كىشى ئىككى قېتىم يالغان سۆزلىگەن بولۇپ، ھازىرقىسى بىلەن ئۈچ قېتىم بولغان بولسا، B كىشىنىڭ ئېيتقىنى يەنىلا توغرا ئەمەس. ناۋادا A كىشى تۆت قېتىم ياكى تۆت قېتىمدىن ئارتۇق يالغان سۆزلىگەن بولسا، بۇ قېتىمقىسى بىلەن بەش قېتىم ياكى بەش قېتىمدىن ئارتۇق يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ، قىسقىسى، ھەرگىزمۇ تۆتىنچى قېتىملىقى ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، A كىشى مەيلى قانچە قېتىم يالغان سۆزلىگەن بولسۇن، B كىشىنىڭ يەكۈنى ھامان خاتا.

### «نېمىشقا ئەسكەرلەرنى ھەربىي بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلمىدى دەيمىز»نىڭ جاۋابى:

ئەسلىدە بىر ئەسكەر كۆتۈرۈۋالغان تاختايغا «بىز ھازىر سۇ ئۈزۈۋاتىمىز» دەپ يېزىلغانىكەن.

### «ساتىراش نېمىشقا سوپۇن سۈرۈپ ساقىلىنى ئالمايدۇ»نىڭ جاۋابى:

ساتىراش مۇنداق دېگەن: «مەن ساقال - بۇرۇتۇڭنىڭ چىقىشىنى كۈتۈۋاتىمەن.»

**«ساتىراش چاچ ياسىغىنىغا پۇل ئالمىسا، نېمىگە پۇل ئالغان»نىڭ جاۋابى:**

ساتىراش مۇنداق دېگەن: «سېنىڭ پۇلۇڭنى ئېلىشمىدىكى سەۋەب، مەن سېنىڭ چېچىڭنى ئىزدەپ تېپىپ ياسىدىم، نۇرغۇن ۋاقتىم كەتتى.»

**«بۇ دەرەختىن يەتتە تال ئالما چۈشسە نېمىشقا مۆجىزە بولىدۇ»نىڭ جاۋابى:**

ئەسلىدە باغۋەن شاپتۇل كۆچىتى كۆچۈرۈۋاتقانىكەن، ئەگەر شاپتۇلدىن يەتتە تال ئالما چۈشىدىغان بولسا ئادەم ھەقىقەتەن ھەيران قالىدۇ-دە.

**«ئۇ بايغا نېمىشقا خۇشامەت قىلمايدۇ»نىڭ جاۋابى:**

كەمبەغەل مۇنداق دېگەن: «ئۇ چاغدا مەن بېيىپ كېتىمەن، سىلىگە خۇشامەت قىلىشىمنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ.»

**«تەھرىر ماقالىنى قايتۇرغاندا قانداق ئېسىل ئوخشىتىشتىن پايدىلانغان»نىڭ جاۋابى:**



تەھرىر مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «ھۆرمەتلىك خانىم، ئەتىگەندە تۇخۇم يەيدىغان چاغدا بىر تۇخۇمنىڭ بۇزۇلۇپ قالغانلىقىنى بىلدىم، ئەجەبا بۇ تۇخۇمنىڭ ھەممىسىنى يەۋەتسەم، ئاندىن بۇ تۇخۇمنىڭ بۇزۇلۇپ قالغانلىقىنى بىلىمەنمۇ؟»

**«قانداق بولسا ھەقىقىي ماھارەت ھېسابلىنىدۇ»نىڭ جاۋابى:**

بالا: «ھاراق بولسا كىم ئىچەلمەيدۇ، يوق ھاراقنى ئىچەلىسە ھەقىقىي ماھارەت دەيمىز» دەپتۇ.



«ئەپەندى پالۋاننى قانداق يەڭگەن»نىڭ جاۋابى:

ئەسلىدە ئەپەندى ئاتقان ۋاقتىدا، قول ياغلىقنى تۇخۇمچىلىك تاشقا ئوراپ ئاتقان.

«قىزچاق تاجنى قانداق ئالغان»نىڭ جاۋابى:

ئۇ گىلەمنىڭ بىر ئۇچىدىن باشلاپ قاتلاپ، بارا - بارا تاجغا يېقىنلىشىپ، قولنى سوزۇپلا تاجنى ئېلىۋاپتۇ.

«جۇرئەت نېمىشقا تاغىسى ئېلىپ كەلگەن تۇغۇلغان كۈن سوۋغىتىنى تېپىۋېتىدۇ»نىڭ جاۋابى:

پۇتبول.

«نېمىشقا ئىككى ھەسسە ئوقۇش خىراجىتى تاپشۇرىدۇ»نىڭ جاۋابى:

سوقرات مۇنداق دېگەن: «مەن ساڭا ئىككى دەرس ئۆتىمەن: بىرى، قانداق ئاغزىنى يۇمۇش، يەنە بىرى، قانداق نۇتۇق سۆزلەش.»

«پىكاسو گېرمانىيە ئوفىتسېرىغا نېمە دەپ جاۋاب بەرگەن»نىڭ جاۋابى:

پىكاسو كەسكىنلىك بىلەن: «ياق، بۇ سىلەرنىڭ نادىر ئەسىرىڭلار» دېگەن.

«مەردان نېمىشقا قىمىر قىلماي ئولتۇرىدۇ»نىڭ جاۋابى:

1991- بەت بىلەن 1992- بەت بىر ۋاراق قەغەزدە، يەنى بىر ۋاراق قەغەزنىڭ ئىككى تەرىپىدە، ئارىسىغا سوئال قەغىزىنى قىستۇرغىلى بولمايدۇ. مەردان بۇنىڭ مۇئەللىمنىڭ بىر سوئالى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قىمىر قىلماي ئولتۇرغان.

### «مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سىرى نېمە»نىڭ جاۋابى:

ئېينشتېيىن چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «A مۇۋەپپەقىيەتنى كۆرستىدۇ، X جاپالىق ئەمگەكنى كۆرستىدۇ، Y توغرا ئۇسۇلنى كۆرستىدۇ، ئەمما Z ئەمەلىي ئىشلەشتىن دېرەك بېرىدۇ.»

### «كۈرۈشكىدىن سەرەڭگىنى قانداق ئالغان»نىڭ جاۋابى:

ئەسلىدە كۈرۈشكىغا سۇ قۇيۇپ، سەرەڭگە قالدۇقى لەيلەپ چىققاندىن كېيىن ئالغان.

### «بارلىق بۇيۇملارنى ئېرىتىۋېتەلەيدىغان ئېرىتمە بارمۇ»نىڭ جاۋابى:

ئېدىسون مۇنداق دېگەن: «ئۇنداقتا سەن بۇ ئېرىتمىنى قانداق قاچىغا قاچىلىماقچى؟»

### «قانداق دوست ھەقىقىي دوست»نىڭ جاۋابى:

ئەسلىدە ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالغان ھېلىقى ئادەم دوستىغا: «ئېيىق ماڭا، بۇنىڭدىن كېيىن ھەقىقىي دوست تېپىپ ئۇۋغا چىق دېدى» دەپتۇ.

### «بوۋاي كۆكتات سېتىۋالغاندا نېمىشقا پىچاق سورايدۇ»نىڭ جاۋابى:

بوۋاي يۇمۇرلۇق قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بارمىقىڭىزنىمۇ ماڭا سېتىپ بەردىڭىزغۇ؟ مەن بارمىقىڭىزنى كېسىۋالاي دەيمەن.»



### «ئۇ يەردە نېمە يوق»نىڭ جاۋابى:

ئەسلىدە ئۇ يەردە قىزىل سىياھ يوقكەن.

«تەرجىمان ئۆزۈن لەتىپىنى قانداق ‹قىسقا تەرجىمە› قىلغان»نىڭ جاۋابى:

تەرجىمان مۇنداق دېگەن: «بۇ ئەپەندى بايا ناھايىتى قىزىق بىر لەتىپە سۆزلىدى، كۆپچىلىك كۈلۈڭلار.»

«نېمىنى تازىلىغانچە پاسكىنىلىشىدۇ»نىڭ جاۋابى:

سۇ.

«ئەسكەر نېمىشقا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئوفىتسېرغا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ»نىڭ جاۋابى:

ئەسكەر مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئىسمىم بازغان، ئەڭ قاتتىق تاشنىمۇ ئېزىۋېتەلەيمەن.»

«مۇكاپاتقا ئېرىشىشكە كاپالەتلىك قىلىش»نىڭ جاۋابى:

1) 1 يۈەن 100 پۇڭغا تەڭ بولۇپ، ئۈچنىڭ ھەسسىلىك سانىغا بىرنى قوشقاندىلىق، كىمكى كۆمەكنىڭ ئىچىدىكى پۇل سانىنى (n + 13) پۇڭ بويىچە ساقلىيالىسا، شۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. لېكىن 97 پۇڭدىن ئېھتىيات قىلىش لازىم.

2) يىغى ئۇسۇلدا ئاۋۋال ئۈچ يۈەنگە توشتۇرغان ۋە ئاشۇرۇۋەتكەنلەر ئۇتىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. ھەر كۈنى دادىسى ئاۋۋال بىر پۇڭ تاشلايدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، ھەركۈنى تاشلانغان سان ئېھتىمال (1+1)2 پۇڭ، (1+2)3 پۇڭ ياكى (1+5)6 پۇڭ بولۇشى مۇمكىن. تاشلاش جەريانىدا كىم ئاۋۋال كۆمەككە يىغىلغان پۇلنىڭ سانىنى 29 پۇڭغا يەتكۈزەلىسە، شۇ ئاۋۋال ئۈچ يۈەنگە يەتكۈزۈش ۋە ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

293 دېگەن بۇ سانىنىڭ قارشى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، (293−2) 291 پۇڭ، (293−3) 290 پۇڭ ھەمدە (293−6) 287 پۇڭدىن

ئۆزىنى چەتكە ئېلىشى لازىم. قارشى تەرەپنى 292 نى كونترول قىلدۇرماسلىق ئۈچۈن، ئۆزى 290 پۇڭ، 289 پۇڭ ۋە (292−6) 286 پۇڭنى ئىگىلىسە بولمايدۇ. شۇنداق بولغاندا 288 پۇڭنىمۇ ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

288 نى ئۆزى ئىگىلەپ، قارشى تەرەپنى ئىگىلەتمىسە، 286، 285، 282 قاتارلىق سانلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالالايدۇ ھەمدە 284 ۋە 283 نى ئىگىلىيەلەيدۇ. مۇشۇ بويىچە تۆۋەنگە قاراپ ھېسابلىساق تۆۋەندىكى نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ.

300 299 298 297 296 295
294 293 292 291 290 289
288 287 286 285 284 283
282 281 280 279 278 277
276 275 274 273 272 271
270 269 268 267 266 265
264 263 262 261 … …
20 19 18 17 16 15
14 13 12 11 10 9
8 7 6 5 4
3 2 1



«پادىشاھ نېمىشقا ئەپەندىگە ئۆزىنى كۆپرەك ئاسرىشنى ئېيتىدۇ»نىڭ جاۋابى:

ئەپەندى ئۆزىنىڭ پادىشاھتىن بىر كۈن بۇرۇن ئۆلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، پادىشاھ ئەپەندىم ئۆلگەندىن كېيىن ئۆلۈم نۆۋىتىنىڭ ئۆزىگە كېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى دارغا ئېسىشقا پېتىنالماپتۇ.

«كەنت باشلىقى ياڭيۇنى قانداق تەقسىم قىلغان»نىڭ جاۋابى:

كەنت باشلىقى 15 تال ياڭيۇنى ئېزىپتۇ، مۇشۇنداق قىلغاندا ئۈچ ئوغۇل ئۆزىگە تېگىشلىك قىسمىنى ئالالايدۇ.



«ھېسام نېمىشقا قۇلىقىنى كۆچەتكە ياقىدۇ»نىڭ جاۋابى:

ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن كۆچەتنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتىمەن، ئۇ يىغلاۋاتىدۇ، چۈنكى سىلەر ئۇنى لىڭشىتىپ سۇندۇرۇپ قوياي دەپسىلەر.»

«ئۇ ھاياتىنى قانداق ساقلاپ قالغان»نىڭ جاۋابى:

ئۇ قەستەن رومكىنى يۇغان بولۇپ دەرياغا تاشلىۋېتىدۇ. كېمىچىنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كېتىدۇ، يولۇچى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ: «بۇ مىس ئىدى، مېنىڭ نەدىمۇ ئالتۇن رومكام بولسۇن، چۈشۈپ كەتسىمۇ ھېچقىسى يوق» دەيدۇ.

«بالا ‹ئېشەك›نى قانداق مەسخىرە قىلغان»نىڭ جاۋابى:

بالا مۇنداق دەپتۇ: «ئېشەك تىللا بىلەن يارماقنى پەرق ئېتەلىگەن يەردە، مەن پەرق ئېتەلمەيمەنمۇ؟»

«ئېرىتمە نېمە ئۈچۈن تىللانى ئېرىتەلمەيدۇ»نىڭ جاۋابى:

نېغمەت مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بۇ خىل ئېرىتمە تىللانى ئېرىتىۋەتسە، سىز ئۇنى تاشلاشقا قانداق قىيسىز؟»

«ئىزوپ نەگە بارغان»نىڭ جاۋابى:

ئىزوپ مۇنداق دەپتۇ: «بىلىشىڭىز كېرەككى، دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى راست گەپ. سوتچى، مەن راستىنلا زىندانغا كىرىدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم.»

سوتچى ئۇنى قويۇۋېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

### «ساياھەتچى نېمىشقا ‹ماڭمىدۇ› »نىڭ جاۋابى:

«بايا سىزگە قانداق دەپ بېرەلەيمەن؟— دەپتۇ ئىزوپ، — سىزنىڭ قانچىلىك تېز ماڭىدىغىنىڭىزنى مەن بىلمىسەم.»

### «مىليونېرنىڭ يالغان كۆزىنى قانداق پەرق ئەتكەن»نىڭ جاۋابى:

مارك تۋېن مۇنداق دېگەن: «مېنىڭچە، پەقەت سول كۆزىڭىزدىنلا ئازراق مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرىدۇ.»

### «كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەم نەدە ئولتۇرغان»نىڭ جاۋابى:

كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەم پالۋاننىڭ تىزىدا ئولتۇرغان.

### «ئارتىس قانداق ماسلاشقان»نىڭ جاۋابى:

ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ ئايىغىدا... زەھەر بار ئىكەن، مەن بولالمىدىم.»

### «ئەرزان باھالىق ھۆسن تۈزەش ئۇسۇلى قانداق بولىدۇ»نىڭ جاۋابى:

ھۆسن تۈزىگۈچى مۇنداق دېگەن: «يۈز تورى تاقىۋېلىڭ.»

### «نەسىردىن ئەپەندى توم سىزىقنى قانداق قىلىپ ئىنچىكە قىلغان»نىڭ جاۋابى:

نەسىردىن ئەپەندى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان. پادىشاھ سىزغان سىزىقنىڭ يېنىغا توم بىر سىزىق سىزغان، پادىشاھ سىزغان سىزىق ئىنچىكە كۆرۈنگەن.

### «كىچىك بالىدا بەل يوقمۇ»نىڭ جاۋابى:

باينىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تۇرسۇن: «پاقىدا بويۇن، كىچىك بالىدا بەل بولمايدۇ. ھازىر بېلىم بار بولدى، دېگەن گەپلىرىدە تۇرسىلا» دەپلا دەم ئالغىلى كېتىپتۇ. باي قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ.

### «بۈركۈتنى كىم ئۆلتۈرگەن»نىڭ جاۋابى:

A ئۆلتۈرگەن، چۈنكى بۈركۈت ئاسماندا ئۇچىدۇ، يەردىن ئاتقان ئوق ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تېگىدۇ. دۈمبىسىدىكى ئوق بۈركۈت يەرگە چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن ئېتىلغان.

### «قازى نېمىشقا تويۇقسىز ...»نىڭ جاۋابى:

قازى تويۇقسىز ئۈستەلگە قاتتىق ئۇرۇپ: «توخۇ ئوغرىسى، سەن كېتىشكە قانداق پېتىندىڭ» دەپ ۋارقىرىغان. بۇ گەپنى ئاڭلاپ توخۇ ئوغرىسىدا ئەلۋەتتە ئىنكاس بولىدۇ-دە. قازى شۇنداق قىلىپ توخۇ ئوغرىسىنى ئېنىقلاپ چىققان.

### «ئارقىدا كۆزى بارمۇ»نىڭ جاۋابى:

بۇ مارتىننىڭ تەبىئىي سان 9 نىڭ ئاجايىپ خۇسۇسىيىتىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ لايىھەلىگەن سېھىرگەرلىك ئويۇنى.

مارتىن جادىنىڭ لايىھەلىگەن 1- يولدىكى ھەرىكىتىدىن بىلىشكە بولىدۇكى، ئېشىپ قالغان سەرەڭگە تېلىنىڭ سانى چوقۇم 10 - 19 نىڭ ئارىلىقىدا. 2- قەدەمدىن كېيىن ئېشىپ قالغان سەرەڭگە تېلى چوقۇم توققۇز بولىدۇ. 3- قەدەمدە سىز X تال سەرەڭگىنى ئېلىپ قولىڭىزدا يوشۇرۇۋالسىڭىز، بۇ ۋاقىتتىكى شىرەدە ئېشىپ قالغان سەرەڭگە تېلىنىڭ سانى چوقۇم 9—X تال بولىدۇ. شۇڭا، مارتىن جادىن ئۆرۈلۈپ، شىرە ئۈستىدىكى سەرەڭگە سانىنى كۆرسىلا، سىزنىڭ قولىڭىزغا يوشۇرۇۋالغان سەرەڭگە تېلىنىڭ قانچە تال ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايدۇ.

### «ئەقىل-ھوشى جايىدىلار ۋە ساراڭلار»نىڭ جاۋابى:

بەلكىم سىز تاسادىپىيلىق ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن. «مەن ئۆزۈمنى ئەقىللىك ئادەم دەپ قارايمەن» دېگەن بىر جۈملە سۆزگە ئاساسەن، سۆزلىگۈچىنىڭ ئەقىللىك ئادەم ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ساراڭ بولسا، ئۇنىڭ قىلغان سۆزى ئەمەلىيەت بىلەن قارىمۇقارشى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ ئۆزىنى ئەقىللىك ئادەم دەپ قارىمايدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆكمىگە ناھايىتى توغرا قارايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ ساراڭ ئەمەس.

### «ئەلى بابا ئۆتكەلدىن قانداق ئۆتكەن»نىڭ جاۋابى:

1- قەدەمدە بىر جۈپ قوشنا ۋىكلىيۇچاتېلنى قايرىپ، «يۇقىرى» ھالەتكە كەلتۈرىمىز. 2- قەدەمدە بىر جۈپ قارىمۇقارشى سىزىقتىكى ۋىكىيۇچاتېلنى قايرىپ، «يۇقىرى» ھالەتكە كەلتۈرىمىز. بۇ ۋاقىتتا ئاز بولغاندا 3 دانە ۋىكلىيۇچاتېلنىڭ ھالىتى «يۇقىرى» بولغان بولىدۇ. ئەگەر دەرۋازا ئېچىلمىسا، 4- ۋىكلىيۇچاتېلنىڭ ھالىتى «تۆۋەن» بولغان بولىدۇ. 3- قەدەمدە بارماقنى قارىمۇقارشى سىزىقتىكى ۋىكلىيۇچاتېلغا كىرگۈزۈپ، ئەگەر بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنىڭ ھالىتى «تۆۋەن» بولسا، پەقەت ئۇنى «يۇقىرى» ھالەتكە ئۆزگەرتسەك بولىدۇ، بولمىسا چوقۇم ئىككى دانە «يۇقىرى» ھالەتتىكى ۋىكلىيۇچاتېلغا تېگىپ كېتىمىز. بۇ ۋاقىتتا بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى «تۆۋەن» ھالەتكە ئۆزگىرىپ قالىدۇ. 4- قەدەمدە بارمىقىمىزنى قوشنا ۋىكلىيۇچاتېلغا كىرگۈزۈپ، ئەگەر ۋىكلىيۇچاتېلنىڭ ھالىتى ئوخشاش بولسا، پەقەت بۇ ئىككى ۋىكلىيۇچاتېلنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتسەك بولىدۇ، بولمىسا تەبىئىي ھالدا ھالىتى ئوخشاش بولمىغان ۋىكلىيۇچاتېلغا تېگىپ كېتىمىز-دە، ئىككىسىنىڭ ھالىتىنى ئايرىم - ئايرىم ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. 5- قەدەمدە بارمىقىمىزنى قارىمۇقارشى سىزىقتىكى ۋىكلىيۇچاتېلغا كىرگۈزۈپ بۇ ئىككى ۋىكلىيۇچاتېلنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتسەك بولىدۇ.





### «دەريادىن ئۆتۈش»نىڭ جاۋابى:

دەريادىن ئۆتۈش ئامالى مۇنداق: ئاۋۋال ئىككى بالا كېمىنى ھەيدەپ قارشى قىرغاققا بېرىپ، بىر بالا قىرغاققا چىقىپ، يەنە بىر بالا كېمىنى ھەيدەپ جەڭچىلەر تۇرغان جايغا قايتىپ كېلىدۇ، ئاندىن بىر جەڭچى كېمىنى ھەيدەپ دەريادىن ئۆتىدۇ. قارشى قىرغاقتا قالغان بالا كېمىنى ھەيدەپ قايتىپ كېلىدۇ، ئۇلاپلا ئىككى بالا يەنە بىر قېتىم كېمىنى ھەيدەپ قارشى قىرغاققا بېرىپ، بىرى قارشى قىرغاقتا قېلىپ، يەنە بىر بالا كېمىنى ھەيدەپ ئەسلىي ئورۇنغا قايتىپ كېلىدۇ، ئاندىن ئىككىنچى جەڭچى دەريادىن ئۆتىدۇ. مۇشۇنداق قايتىلاش ئارقىلىق بارلىق جەڭچىلەرنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ كەتكىلى بولىدۇ.

### «قىزىقارلىق تەڭلىك»نىڭ جاۋابى:

$$888+88+8+8=1000$$

### «قانداق چېكىت ئۇرۇش كېرەك»نىڭ جاۋابى:

قەلەم بىلەن كىتابنىڭ يان تەرىپىگە بىر تۈز سىزىق سىزساق كىتابنىڭ ھەربىر بېتىدە بىردىن چېكىت قالىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئەڭ تېز ئۇسۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### «ئۈچ ئادەمنىڭ قايسىسى ئەقىللىق»نىڭ جاۋابى:

ئەقىللىق يىگىت مۇنداق مۇلاھىزە قىلغان: مېنىڭ كۆرگىنىم ئىككى قارا دوپپا. ئەگەر مېنىڭ كىيگىنىم ئاق دوپپا بولسا، ئۇنداقتا، باشقا بىر ئادەم بىر قارا، بىر ئاق دوپپىنى كۆرگەن ۋاقىتتا، ئۇ ئەگەر ئۆزىنىڭ كىيگىنى ئاق دوپپا بولسا، ئۇنداقتا باشقا بىر ئادەم بىر قارا، بىر ئاق دوپپىنى كۆرگەن ۋاقىتتا، ئۇ ئەگەر ئۆزىنىڭ كىيگىنى ئاق دوپپا بولسا، 3- باش چوقۇم ئۆزىنىڭ كىيگىنىنىڭ قارا دوپپا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالىغان بولاتتى. لېكىن، 2- ياش ئىزچىل دېلىغۇل بولۇپ گەپ قىلمىدى. شۇڭا، بۇ مېنىڭ كىيگىنىمنىڭ قارا دوپپا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلغان.

### «كەمپۈتنى تېپىش»نىڭ جاۋابى:

بۇ ئوقۇغۇچى قارشى تەرەپنىڭ قولىدىكىنى يۇمشاق كەمپۈت دەپ ھۆكۈم قىلغان. چۈنكى، قارشى تەرەپنىڭ قولىدىكىسى قاتتىق كەمپۈت بولسا، ئۇ مېنىڭ قولۇمدىكىنىڭ يۇمشاق كەمپۈت ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بولاتتى. ھازىر ئۇ دېلىغۇل بولۇپ قالدى. بۇ دەل ئۇنىڭ قولىدىكىنىڭ يۇمشاق كەمپۈت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

### «قىزنىڭ خاتالىقى»نىڭ جاۋابى:

قىزى 86 يۈەن دېگەن ساننى تەتۈر كۆرۈپ، 98 يۈەن دەپ قالغان.

### «ئەمانىڭ پايپاق بۆلۈشۈشى»نىڭ جاۋابى:

ھەربىر جۈپ پايپاقنى ئايرىپ، ھەربىرى بىر تالدىن ئالسا، ھەربىر ئادەم 2 تالدىن قارا ۋە 2 تالدىن كۆك پايپاققا ئىگە بولىدۇ. پايپاقنىڭ رەختى ۋە ئۆلچىمى ئوخشاش بولغاچقا، بىرلەشتۈرۈپ بىر جۈپ قارا ۋە بىر جۈپ كۆك پايپاق قىلغىلى بولىدۇ.



### «ياش ھېسابلاش»نىڭ جاۋابى:

موللا تاپقاقنىڭ ياش ھېسابلاش ھۈنىرى مۇنداق:

ياش ھېسابلاتقۇچىنىڭ جاۋاب ساننىڭ قائىدىسىگە ئاساسەن، ياش ھېسابلاتقۇچىنىڭ ھېسابلاپ چىققان سانى مۇنداق بولىدۇ:

365 - ئاي + 20X (6+5 Xيېشى)

يەنى: 245 - ئاي + يېشى X 100

بۇ فورمۇلادىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر 245 نى ئېلىۋەتمىسەك، ئالدى-

ىدىكى 2 تۈرنى ئۆزئارا قوشۇشنىڭ نەتىجىسى بىر ئۈچ خانىلىق ياكى 4 خانىلىق سان بولىدۇ. ياش يۈزلەر خانىسى ۋە مىڭلار خانىسىدا، ئاي بىرلەر خانىسى ۋە ئونلار خانىسىدا. شۇنىڭ ئۈچۈن، جاۋاب سانىغا 245 نى قوشۇپ، 245 نى ئېلىۋېتىدىغان بۇ تۈرنى چىقىرىۋەتسە، ياش ھېسابلاتقۇچىنىڭ يېشى ۋە تۇغۇلغان ئېيىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ، يەنى: 1507＝1262＋245، 15 يېشى بولسا. 7 بولسا تۇغۇلغان ئېيى.

## «مۈشۈكنىڭ چاشقان قوغلىشى»نىڭ جاۋابى:

چاشقان قېچىپ قۇتۇلماقچى بولسا، چوقۇم مۈشۈكنىڭ يۇملاقنى چۆرگىلەپ يۈگۈرۈش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، كۆلچەككە سەكرىگەندىن كېيىن يۇملاق كۆلچەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۈزۈپ بېرىۋېلىشى كېرەك. مەركىزىگە بېرىۋالغاندىن كېيىن، مۈشۈكنىڭ ئورنىنى ياخشى كۆرۈۋېلىپ، چوقۇم تېزلىك بىلەن مۈشۈكنىڭ قارشى تەرىپىگە قاراپ ئۈزۈشى كېرەك. بۇ ۋاقىتتا، چاشقاننىڭ قىرغاققا چىقىشىغا، پەقەت كۆلچەكنىڭ رادىئۇسچىلىك ئارىلىقنى ئۈزۈشلا كۇپايە. مۈشۈكنىڭ يۈگۈرۈش ئارىلىقى يېرىم چەمبەر ئايلانمىسچىلىك ئۇزۇنلۇقتا، يەنى رادىئۇسنىڭ 3.14 ھەسسىچىلىك، تېزلىكى چاشقاننىڭ سۇ ئۈزۈش تېزلىكىنىڭ 3 ھەسسىسىچىلىك بولغاچقا، مۈشۈك يېتىپ بارغان چاغدا، چاشقان قاشقا چىقىپ بولۇپ ئاللىبۇرۇن قېچىپ كەتكەن بولىدۇ.

## «چوڭقۇر جىلغىدىن قۇتۇلۇش»نىڭ جاۋابى:

بىر ئادەم ئاۋۋال ئارغامچا شوتىغا يامىشىدۇ، يەنە بىر ئادەم سۇ بويىغا كەلگەندە، شوتىغا يامىشىشقا باشلايدۇ. يۇقىرى ئۆرلەش سۈرئىتى سۇنىڭ ئۆرلەش سۈرئىتى بىلەن تەڭ بولىدۇ. سۇنىڭ لەيلىتىش كۈچى بولغاچقا، ئادەم سۇدا تۇرغان ۋاقىتتا، ئېغىرلىقى ئازراق يېنىكلەيدۇ. شۇڭا، ئېغىرلىق ئېشىپ كېتىش سەۋەبىدىن ئارغامچا شوتا ئۈزۈلۈپ كېتىدىغان ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ.

### «لامپۇچكىنىڭ ھەجمى»نىڭ جاۋابى:

لامپۇچكىغا سۇنى لىق تولدۇرۇپ، ئاندىن مىنزۇركا بىلەن سۇنىڭ ھەجمىنى ئۆلچىسەك، بۇ دەل لامپۇچكىنىڭ ھەجمى بولىدۇ.

### «يۈك ئاپتوموبىلى»نىڭ جاۋابى:

بۇ خىل ئەھۋال پەقەت يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ كوزۇپىنىڭ تېگى ئوچۇق چاغدىلا يۈز بېرىدۇ. ئەمما، بۇ يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ كوزۇپى ھەم ئېتىلگەن. سېرىق قۇشقاچلار ئۇچۇش ھالىتىنى ساقلاپ تۇرغاندا، ئۇلار ئۆز بەدەن ئېغىرلىقىغا باراۋەر كۈچ بىلەن ھاۋادا قاناتلىرىنى قاقىدۇ. شۇنداق بولغاندا، بۇ خىل كۈچ ھاۋا ئارقىلىق يۈك ئاپتوموبىلى كوزۇپىنىڭ تېگىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سېرىق قۇشقاچلارنىڭ تىنچ تۇرۇشى ياكى ئۇچۇش ھالىتىنى ساقلاپ تۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاپتوموبىلنىڭ ئېغىرلىقى ئوخشاش (بىردەك) بولىدۇ.

### «كۆنلەمچى ئەر»نىڭ جاۋابى:

ئۈچ ئەرنى A, B, C بىلەن، ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرىنى a, b, c بىلەن ئىپادىلەيلى. ئۇلار تۆۋەندىكى ئۇسۇل بويىچە دەريادىن ئۆتسە بولىدۇ:

(1) a بىلەن b ئالدى بىلەن دەريادىن ئۆتىدۇ، ئاندىن b كېمىنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

(2) B بىلەن c دەريادىن ئۆتىدۇ، ئاندىن c كېمىنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

(3) C كېمىدىن چۈشۈپ ئېرى بىلەن بىللە قېپقالىدۇ، ئاندىن A بىلەن B دەريادىن ئۆتىدۇ، A كېمىدىن چۈشۈپ قالىدۇ، B بىلەن b بىللە كېمىنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

(4) B بىلەن C دەريادىن ئۆتىدۇ، b بىلەن c نى يولغا چىقىش نۇقتىسىدا قالدۇرۇپ قويىدۇ.

(5) A كېمىنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ، ئاندىن c ئۇنىڭ بىلەن بىللە دەريادىن ئۆتىدۇ.

(6) A كېمىدىن چۈشۈپ قالىدۇ، ئاندىن b كېمىنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

(7) ئارقىدىن، b بىلەن c دەريادىن ئۆتىدۇ، شۇنداق قىلىپ ھەممەيلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دەريادىن ئۆتۈپ بولىدۇ.

### «ۋېلىسىپىت»نىڭ جاۋابى:

بېتتى بىر سائەت ۋېلىسىپىتلىك ماڭغاندىن كېيىن ۋېلىسىپىتنى يول ياقىسىغا قويۇپ قويىدۇ، ئاندىن پىيادە 2 سائەت مېڭىپ، 8 كىلومېتىر يولنى باسقاندىن كېيىن كىچىك ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارىدۇ، پاركىستېر ئىككى سائەت ماڭغاندىن كېيىن ۋېلىسىپىت قويۇپ قويۇلغان يەرگە يېتىپ بارىدۇ، ئاندىن 1 سائەت ۋېلىسىپىت مىنىپ ماڭىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇ بېتتى بىلەن تەڭلا ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كىچىك ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارالايدۇ.

### «مەن ئۇنىڭ ئانىسى ئەمەس»نىڭ جاۋابى:

بىرىنچى كىشى ئىككىنچى كىشىنىڭ دادىسى.

### «تاشپاقىنىڭ ئورىدىن چىقىشى»نىڭ جاۋابى:

ئون بىر كۈندە ئاندىن ئورىدىن چىقالايدۇ. دىققەت: ئونىنچى كۈنى ئورىنىڭ ئاغزىغا بەش مېتىرلا قالىدۇ-دە، بىر كۈندۈزدىلا چىقىپ كېتەلەيدۇ، تېيىلىپ كەتمەيدۇ.

### «باغچىغا قانچە ئادەم بىللە بارىدۇ»نىڭ جاۋابى:

دادىسى، ئانىسى، ئوغلىدىن ئىبارەت ئۈچ ئادەم بارىدۇ.

«دادا بىلەن ئوغۇلنىڭ ياۋا توشقىنى»نىڭ جاۋابى:

ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بوۋا، دادا ۋە ئوغلىدىن ئىبارەت بولۇپ، جەمئىي ئۈچ كىشى، شۇڭا ئۇلار جەمئىي ئالتە توشقان ئوۋلىغان.

«قانچە بېلىق تۇتقان»نىڭ جاۋابى:

جەمئىي نۆل بېلىق تۇتقان.

«18 قەۋەتلىك بىنادىن يىقىلىپ ساق قالغان ئادەم»نىڭ جاۋابى:

گەرچە بىنا 18 قەۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ھېلىقى ئادەمنىڭ قانچىنچى قەۋەتتىن يىقىلىپ چۈشكەنلىكى ئېيتىلمىغان. 18 قەۋەتلىك بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىنىڭ دېرىزىسىدىن چۈشۈپ كەتسە ئادەم زەخىملەنمەيدۇ.

«كامارىدىكى تىكتاك توپىنى قانداق ئېلىش كېرەك»نىڭ جاۋابى:

سېمونت كامارنىڭ ئىچىگە سۇ قۇيۇلسا توپ لەيلەيدۇ، توپ لەيلىگەن ھامان ئۇنى ئالسا بولىدۇ.



«دادا بىلەن بالىنىڭ تېپىشماق ئېيتىشىشى»نىڭ جاۋابى:

پاقا بىلەن يىلان.

«نەسىردىن ئەپەندىنىڭ پادىشاھنى گوللىشى»نىڭ جاۋابى:

نەسىردىن ئەپەندى: «شاھ ئالىيلىرى، مەن سىلىنى تەختىراۋاندىن چۈشۈرەلمەيمەن. لېكىن، سىلىنى يەردىن تەختىراۋانغا چىقىرالايمەن» دەپتۇ. پادىشاھ: «بۇمۇ بولىدىغان گەپ»

دەپتۇ-دە، تەختىراۋاندىن چۈشۈپتۇ. نەسرىن ئەپەندى: «شاھ ئالىيلىرى، ئۇتتۇرۇپ قويدىلا، قاراپ باقسىلا، سىلى مېنىڭ ئالدىمدا تەختىراۋاندىن چۈشتىلىغۇ؟» دەپتۇ.



### «ئەقىللىك دېھقان»نىڭ جاۋابى:

ئەگەر پادىشاھ: «بۇ يالغان گەپ، مەن قاچان ساڭا ئالتۇن قەرزدار بولۇپ قالغان؟» دېسە، ئۇنداقتا دېھقان: «يۇرتىنىڭ يېرىمىنى بۆلۈپ بەرسىلە!» دەيدۇ. پادىشاھ بۇنىڭغا ئامال قىلالماي، دېھقاننىڭ گېپىنىڭ راستلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ ئۇنىڭغا بىر كورە ئالتۇن بېرىدۇ.

### «تۇرمۇشقا دائىر ساۋاتقا تېز جاۋاب بېرىڭ»نىڭ جاۋابى:

1. تومۇزغا زىياندىش ھاشارات، شەپەرەڭ ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ھايۋان؛
3. بامبۇك بورا سالقىن. چۈنكى، ئۇ ئوت - چۆپتىن توقۇلغان بورىغا قارىغاندا ئىسسىقلىقنى ئاسان تارقىتىدۇ؛
3. قۇدۇق سۈيى سوغۇق؛
4. تار كوچىدا شامال كۈچلۈك بولىدۇ؛
5. قارا كىيىم كىيسە سالقىن بولمايدۇ؛
6. دەرەخنىڭ قوۋزىقىنى چۆرگىلىتىپ سويۇۋەتسە، ئوزۇقلۇق يېتىشمەي دەرەخ ئاسان قۇرۇپ قالىدۇ.

### «دېھقاننىڭ دەريادىن ئۆتۈشى»نىڭ جاۋابى:

ئالدى بىلەن توخۇنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ، قارشى قىرغاقتا قويۇپ كېمىنى ھەيدەپ كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىتنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قارشى قىرغاققا قويۇپ، توخۇنى ئىلگىرىكى قىرغاققا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىپ، ئاندىن گۆرۈچنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قارشى قىرغاققا قويىدۇ، ئاخىرىدا كېمىنى ھەيدەپ كېلىپ، توخۇنى قارشى قىرغاققا ئۆتكۈزىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا ئىت، توخۇ، گۆرۈچنى دەريادىن ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ ھەمدە ھېچقايسىسى زىيانغا ئۇچرىمايدۇ.

«كۆۋرۈكتىن پەم بىلەن ئۆتۈش»نىڭ جاۋابى:

چۈنكى، كۆۋرۈكنىڭ بېشىدا كۆۋرۈكنى ساقلاۋاتقان ئەسكەر كۆۋرۈكتە ئادەم بارلىقىنى كۆرسە: «قايتىپ كەت!» دەپ ۋارقىرىغاچقا، ئەقىللىك بالا ئەسكەر كۆۋرۈكنى چارلاپ ئەمدىلا ئۆيگە كىرىشىگىلا، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسكەر يەنە: «قايتىپ كەت!» دېسە، ئۇ يەنە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ چەكلەنگەن كۆۋرۈكتىن ئۆتىدۇ.

«بۇ قانداق شار»نىڭ جاۋابى:

(1) ھىدروگېن گازى شارى؛ (2) كۆز قارىچۇقى؛ (3) كۆيە دورىسى؛ (4) يەر شارى.

«كەپسىز مايمۇن»نىڭ جاۋابى:

ئادەم ئىككى كۆزىنى يۇمسا، مايمۇن ئادەمنىڭ ئىككى كۆزىنى يۇمۇۋالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇمۇ ئىككى كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەم يەنە ئىككى كۆزىنى ياكى بىر كۆزىنى ئاچسا، مايمۇن ئۇنى دورىيالمايدۇ. چۈنكى، مايمۇن ئادەمنىڭ كۆزىنى قاچان ئاچىدىغانلىقى، بىر كۆزىنى ئاچقان ياكى ئىككى كۆزىنى ئاچقانلىقىنى كۆرەلمەيدۇ، بۇنىڭدىن گەپ سول كۆزىنى يۇمۇپ، ئوڭ كۆزىنى ئېچىش ياكى ئوڭ كۆزىنى يۇمۇپ سول كۆزىنى ئېچىشتا. بىر كۆزى ئوچۇق تۇرسا، مايمۇن ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرەلمەيدۇ.



«چوكمۇز سېتىۋېلىش»نىڭ جاۋابى:

ھۆل لۆڭگە بىلەن چوكمۇزنى يۆگەپ قويسا، چوكمۇز ئوڭايلا ئېرىپ كېتىدۇ. چۈنكى، چوكمۇزنىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن، لۆڭگىنىڭ تېمپېراتۇرىسى

ئەتراپىنىڭ تېمپېراتۇرىسى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. چوكمۇزنى قۇرۇق لۆڭگە بىلەن يۆگەپ قويسا، بۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھاۋا بولىدۇ-دە، ئىسسىقلىقنى ئايرىپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئەگەر چوكمۇزنى ھۆل لۆڭگە بىلەن يۆگەپ قويسا، گەرچە لۆڭگىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىدىن تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن ھۆل لۆڭگە چوكمۇزغا تېگىپ تۇرۇپ، سىرتتىكى ئىسسىقلىقنى چوكمۇزغا يەتكۈزىدۇ-دە، چوكمۇزنى قۇرۇق لۆڭگىگە يۆگىگەندىنمۇ تېز ئېرىتىۋېتىدۇ.



### «ئىككى خانىمنىڭ قىزىقارلىق ئىشلىرى»نىڭ جاۋابى:

يۈزىنى يۇغان خانىم يەنە بىر خانىمنىڭ يۈزىگە ئىس قونۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنىڭ يۈزىگىمۇ ئىس قونۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ قاراپ، يۈزىنى يۇغان. يۈزىگە ئىس قونۇۋالغان خانىم ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان خانىمنىڭ يۈزىنىڭ پاكىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنىڭ يۈزىمۇ پاكىز، دەپ قاراپ، يۈزىنى يۇمىغان.

### «توشقاننىڭ تاغدىن چۈشۈشى»نىڭ جاۋابى:

توشقان تاغقا چىققاندا تاغدىن چۈشكەندىنمۇ تېز يۈگۈرەيدۇ. چۈنكى، توشقاننىڭ ئالدى پۇتى ئارقا پۇتىدىن قىسقىراق، توشقان تاغقا چىققاندا تاغنىڭ يانتۇلۇقى توشقاننىڭ ئالدى پۇتىنىڭ قىسقىلىقىنى تەڭشەپ، كۈچنى تېجەپ قالىدۇ. توشقان تاغدىن چۈشكەندە مەھكەم تۇرالمايدۇ. مەسىلەن: توشقان تېز يۈگۈرسە بەدىنى ئاسانلا تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، تاغدىن دومىلاپ كېتىدۇ، شۇڭا توشقان تاغدىن چۈشكەندە ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى دەپ ئاستا چۈشۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

### «توپنى قىرغاققا يېقىنلاشتۇرۇش»نىڭ جاۋابى:

بۇ ئوقۇغۇچى توپنىڭ كەينى تەرىپىگە تاش ئېتىپ، سۇ يۈزىدە دولقۇن ھاسىل قىلغان، توپ ئەتراپىغا كېڭەيگەن دولقۇنغا ئەگىشىپ قىرغاققا كەلگەن.

«نېمە سوۋغا قىلغان؟»نىڭ جاۋابى:

سوپۇن سوۋغا قىلغان.

«چارۋىچىلىق مەيدانىغا دائىر مەسىلە»نىڭ جاۋابى:

ئىنەك كۈنىگە 1/60 ئۈلۈش چۆپ يەيدۇ، ئۆچكە كۈنىگە 1/90 ئۈلۈش، غاز كۈنىگە 1/180 ئۈلۈش چۆپ يەيدۇ. ئىنەك بىلەن ئۆچكە 36 كۈندە ھازىر بار چۆپنى يەپ تۈگىتىدۇ، بۇ مەزگىلدە، ھەر كۈنى يېڭىدىن ئۆسۈپ چىقىدىغان چۆپ غازنىڭ يېيىشىگە يېتىدۇ.

«ئورۇن تەرتىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇش»نىڭ جاۋابى:

بۇ يەردىكى ئولتۇرۇش تەرتىپى مۇنداق:
ئوغۇللارنىڭ تەرتىپى: داۋۇت، بىلال، ئالىم، ئادىل، كېرەم.
قىزلارنىڭ تەرتىپى: گۈلنۇر، ماينۇر، ئاينۇر، ئالىيە، ئادىلە.

«قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى»نىڭ جاۋابى:

دىلشاتنىڭ نەتىجىسى 200 نومۇر (60، 60، 40، 40)؛ دىلمۇراتنىڭ نەتىجىسى 240 نومۇر (60، 60، 60، 60)؛ ئەركىنىنىڭ نەتىجىسى 180 نومۇر (60، 40، 40، 40). دىلشاتنىڭ بىرىنچى گېپى يالغان؛ دىلمۇراتنىڭ ئۈچىنچى گېپى يالغان؛ ئەركىنىنىڭ ئۈچىنچى گېپى يالغان.



«غەلىتە ئاھالىلەر»نىڭ جاۋابى:

شۇ كۈنى كەچتە 55 نەپەر ئادەم بەش تەرەپلىك ئۆيدە ياتقان. ئۇ بىرىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى يەنى 30 نەپەر ئۆز گېپىنى راست قىلىدىغانلار قەبى-

لىسىدىكى ئادەملەر بولۇپ، ئۆزلىرىنى بىز يالغان گەپ قىلىدىغان قەبىلىدىن دەپ تۇرۇۋالغان، ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ يېرىمى يەنى 15 نەپەر ھەقىقىي يالغان گەپ قىلىدىغان قەبىلىنىڭ ئادەملىرى، ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىن 10 نەپەر ھەقىقىي يالغان گەپ قىلىدىغان قەبىلىنىڭ ئادەملىرى جەمئىي 55 نەپەر ئادەم.



### «گاڭگىراپ قېلىش ۋە يالغان سۆزلەش»نىڭ جاۋابى:

ئەگەر بۇ بالا ئوغۇل بولسا، ئۇ ھالدا ئىككىنچى قېتىم سۆزلىگەن ئادەم چوقۇم ئاپىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى سۆزى چوقۇم يالغان، ئىككىنچى گېپى راست بولىدۇ. لېكىن بۇ ئائىلىدە ئەرلەر يالغان سۆزلىمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كۆز قاراش خاتا. ئەگەر بۇ بالىنى قىز دېسەك، ئۇ ھالدا ئىككىنچى قېتىم سۆزلىگىنى ئاپىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى گېپى راست، ئىككىنچى گېپى يالغان بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا كىچىك بالا «مەن قىز» دەپ راست گەپ قىلىشى كېرەك. لېكىن بۇ بىرىنچى قېتىم گەپ قىلغان ئادەمنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئەمما ئەرلەر يالغان سۆزلىمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل كۆزقاراشمۇ خاتا. شۇڭا مۇشۇنداق خۇلاسە چىقارساق، بىرىنچى قېتىم كىچىك بالا بىلەن تەڭ جاۋاب بەرگىنى ئاپىسى بولۇپ، ھەر ئىككىسى يالغان سۆزلىگەن. كىچىك بالا ئەمەلىيەتتە قىز بالا بولىدۇ.

### «تۆرمىدىكى ھېسابلاش مەسىلىسى»نىڭ جاۋابى:

2519 مەھبۇس (شىرە) 839 = 3 بۆلۈنگەن 2519
2 ئادەم ئېشىپ قالىدۇ.
(شىرە) 503 = 5بۆلۈنگەن 2519
4 ئادەم ئېشىپ قالىدۇ.
(شىرە) 359 = 7 بۆلۈنگەن 2519
6 ئادەم ئېشىپ قالىدۇ.

2519 (شىرە) 279 = 9 بۆلۈنگەن

8 ئادەم ئېشىپ قالىدۇ.

2519 ( شىرە) 229 = 11 بۆلۈنگەن

مەھبۇس ئېشىپ قالمايدۇ.

### «پۇت يۆنىلىشىنى كەينىگە قارىتىش»نىڭ جاۋابى:

ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى شىمالىي قۇتۇپ ئارىلىقىدىن بىرقەدەم تۆۋەن ئارىلىقتا بولۇپ، سول پۇتى شىمالىي قۇتۇپ نۇقتىسىدىن ئاتلاپ ئۆتسە يۆنىلىشى جەنۇبقا قارىلىدۇ.

### «پىكاپنىڭ چىقىش نۇقتىسى»نىڭ جاۋابى:

ئالدى بىلەن ئالدىغا ھەيدەپ، ئاندىن كەينىگە ياندۇرىدۇ.

### «ئالۋاستىنى قانداق ئالدىغان»نىڭ جاۋابى:

ئالاۋۇدۇن بىر كونۇپىرتنى تاللىغاندىن كېيىن ئۇنى ئاچماي يىرتىۋېتىدۇ، ئاندىن پادىشاھنى ئۆزى تاللىمىغان تەقدىرنى ئوقۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ.

### «قورۇقچىكى يەنە بىر قېتىملىق قەستلەپ ئۆلتۈرۈش دېلوسى»نىڭ جاۋابى:

ئەيىبى.

### «تاپانچىنىڭ باھاسى»نىڭ جاۋابى:

ئۇلار موزايلىرىنى ساتقان پۇل چوقۇم كۋادرات يىلتىزىدىن پۈتۈن چىقىدىغان سان ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى 10 دوللاردىن سېتىۋالغان قويلىرىنىڭ سانىمۇ تاق سان. بۇ كۋادرات يىلتىزىدىن پۈتۈن چىقىدىغان سانىنىڭ بىرلەر خانىسى 6 بولىدۇ.



256 دەل مۇشۇنداق سان، ئۇ 16 موزاينىڭ پۇلى (ھەربىرى 16 دوللاردىن) ياكى 25 قويىنىڭ پۇلىغا (ھەربىرى 10 دوللاردىن) بىر ئۆچكىنىڭ (6 دوللار) پۇلىنى قوشقانغا تەڭ بولىدۇ. چۈنكى بۇ كۋادرات يىلتىزىدىن پۈتۈن چىقىرىشقا بولىدىغان سانىنىڭ بىرلەر خانىسى 6، مەيلى ئۇلار نەچچە تۇياق قوي سېتىۋالسۇن (16، 36، 256 قاتارلىقلار) بۇ ئۆچكىنىڭ باھاسى ھامان 6 دوللار بولىدۇ. بېل دېنامغا بۇ ئۆچكە بىلەن كىبىرت ـ 45 تىيىلىق تاپانچىنى بېرىدۇ، بۇ ئىككى خىل نەرسىنىڭ باھاسى ئۇ ئېرىشكەن 10 دوللارلىق بىر قويىنىڭ باھاسىدىن كىبىرت ـ 45 تىيىلىق بىر تاپانچىنىڭ باھاسىنى ئېلىۋەتكەنگە تەڭ بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئۇ ئىككىسى تەڭ بۆلۈشكەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تاپانچىنىڭ باھاسى بىر قوي بىلەن بىر ئۆچكە باھا پەرقىنىڭ يېرىمى بولىدۇ، يەنى 2 دوللار بولىدۇ.

### «يېرىم چېلەك سۇ»نىڭ جاۋابى:

چېلەكنى 45 گىرادۇس يانتۇ قىلىدۇ. تىك تۆتبۇلۇڭنىڭ دىياگونالى ئۇنى ئىككى ئۈچبۇلۇڭغا تەڭ بۆلىدۇ. چېلەكنى يانتۇ قىلغاندا، چېلەكتىكى سۇ چېلەكنىڭ بىر تەرىپىگە يىغىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ سۇ يېرىم چېلەك سۇ بولىدۇ.

### «دەريادىن ئۆتۈش»نىڭ جاۋابى:

11 قېتىم دەريادىن ئۆتۈش ئۇسۇلى تۆۋەندە كۆرسىتىلگەندەك بولىدۇ:
بۇ قىرغاقنى A بىلەن نېرىقى قىرغاقنى B ئىپادىلەيلى.
A.1 دا: چوڭ يىلپىز، چوڭ يولۋاس، كىچىك يىلپىز، كىچىك يولۋاس؛ B دا: چوڭ شىر، كىچىك شىر.
A.2 دا: چوڭ شىر، چوڭ يىلپىز، چوڭ يولۋاس، كىچىك يىلپىز؛ B دا: كىچىك يولۋاس، كىچىك شىر.
A.3 دا: چوڭ شىر، چوڭ يىلپىز، چوڭ يولۋاس؛ B دا: كىچىك شىر، كىچىك يىلپىز، كىچىك يولۋاس.

A.4 دا: چوڭ شر، چوڭ يىلپىز، چوڭ يولۋاس، كچك يولۋاس؛ B دا: كچك شر، كچك يىلپىز.

A.5 دا: چوڭ يولۋاس، كچك يولۋاس؛ B دا: چوڭ شر، چوڭ يىلپىز، كچك شر، كچك يىلپىز.

A.6 دا: چوڭ يولۋاس، كچك يولۋاس، چوڭ شر، كچك شر؛ B دا: چوڭ يىلپىز، كچك يىلپىز.

A.7 دا: كچك يولۋاس، كچك شر؛ B دا: چوڭ يولۋاس، چوڭ شر، چوڭ يىلپىز، كچك يىلپىز.

A.8 دا: كچك يىلپىز، كچك يولۋاس، كچك شر؛ B دا: چوڭ يولۋاس، چوڭ شر، چوڭ يىلپىز.

A.9 دا: كچك يىلپىز؛ B دا: كچك يولۋاس، كچك شر، چوڭ يولۋاس، چوڭ شر، چوڭ يىلپىز.

A.10 دا: كچك يىلپىز، كچك يولۋاس؛ B دا: كچك شر، چوڭ يولۋاس، چوڭ يىلپىز.

B.11 دا: چوڭ يولۋاس، كچك يولۋاس، چوڭ شر، چوڭ يىلپىز، كچك شر، كچك يىلپىز.

### «بىر ئائىلە كىشىلىرى»نىڭ جاۋابى:

ئاق تۇرۇپ ساتىدىغاننىڭ ئايالى كاۋا ساتىدۇ، يېسىۋىلەك ساتىدىغاننىڭ ئايالى كۆكمۇچ ساتىدۇ، كەرەپشە ساتىدىغاننىڭ ئايالى سەۋزە ساتىدۇ، بەرەڭگى ساتىدىغاننىڭ ئايالى موگۇ ساتىدۇ.

### «سۇن ۋۇكۇڭ يولۇققان قىيىن مەسىلە»نىڭ جاۋابى:

سەمەت ياردەم بەرگۈچى، ئەمەت ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچى، داۋۇت چەتتە قاراپ تۇرغۇچى، ساۋۇت پۇلنى ئوغرىغا بېرىپ قويغۇچى.



### «يۆرۈشلۈك ياتاق بىناسىدىكى مېھمان»نىڭ جاۋابى:

ئۈچ ئائىلىنىڭ مېھمانخانىدا ياتقان قەۋەت سانى تۆۋەندىكىدەك بولدۇ:
روگېر ۋاررېن بىلەن تورما ۋاررېن ئەر - ئايال ئۇلار ئۈچىنچى قەۋەتتە؛
پېرس لويىس بىلەن دورىس لويىس ئەر - ئايال، ئۇلار ئىككىنچى قەۋەتتە؛
جىم مورتون بىلەن كاتارېن مورتون ئەر - ئايال، ئۇلار بىرىنچى قەۋەتتە.

### «كىتاب ئوغرىسى»نىڭ جاۋابى:

كىتابنى ياردەمچىسى ئوغرىلىغان.

### «دوپپىنىڭ رەڭگى»نىڭ جاۋابى:

قارا دوپپىدىن ئۈچى بار.

责任编辑:哈斯亚提·依不拉音
责任校对:阿不都热依木·阿布力米提
封面设计:吐达吉·吐尔洪
绘　　画:阿迪力江·阿布力孜

书　　名　儿童爱菲达有声读物——儿童智力游戏
编　　者　吐尔逊·卡得
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社(www.xjdzyx.com)
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆八艺印刷厂
开　　本　787mm×1092mm　1/16
印　　张　117.75
版　　次　2015 年 2 月第 1 版
印　　次　2015 年 7 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-89415-023-3
定　　价　490.00 元(点读笔和20本书)